
# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

يىللىق توپلام

1999



بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

1

1999


مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىمالىي ئافرىقىدىكى تۆت ئىسلام دۆلىتىگە قىلغان زىيارىتى جەريانىدا، مەراكەش ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى رازى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



تۆمۈر داۋامەت لىۋىيەدىكى زىيارىتىدە لىۋىيە باش ۋەزىرى مەنقۇش بىلەن قىزغىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



تۆمۈر داۋامەت ئالجىرىيەدىكى زىيارىتىدە ئۆلكە مەسئۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەر بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ھەج ۋەزىرى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد سەفەر بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى ۋە بۇ يىلقى ھەج خىزمىتى توغرىسىدا كېلىشىمنامە ئىمزالىدى.



سۇرىيە ئەرەب سوتسىيال گۈللىنىش پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى ئابدۇللا ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەن ياۋبىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى، جۇڭگونىڭ سۇرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇ مىنمىن خانىم (سولدىن 1-كىشى)، سۇرىيە "ئەبى نۇر" ئىسلام مەركىزىنىڭ مۇدىرى دوكتور مەھمۇد كافتارۇلار قوبۇل قىلىشتا بىللە بولدى.

## «قۇرئان كەرىم» دىن

كۆرەڭلەپ كەتمە، ئاللاھ ھەقىقەتەن
كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ.
ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت
يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ
ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغان-
دەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشى-
لىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلە-
مىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىل-
غۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.

(28- سۈرە «قەسەس»، 76- 77- ئايەتلەر)

خەتتات: ئەنۋەر مۇھەممەت

## مۇندەرىجە

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

دوستانە زىيارەت
—تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىمالىي ئافرىقىدىكى تۆت ئەرەب دۆلىتىنى زىيارەت قىلدى ...
........................... ئەكبەر غۇلام (4)
ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ۋە دىنىي ساھەدىكى "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى .......... ئۆز مۇخبىرىمىز (5)

### ئىسلام ئەقىدىلىرى

ئىسلام دىنىدا ئەمەللەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ...................... تاھىر قادىر (8)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

"ئىمان ۋاجىپلىرى" ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى
........................... لى خۇڭمىڭ (15)
ئىسلام دىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىمىنۇر ھەق (20)
ئىمان ۋە تەپەككۇر........... شىھابىدىن ئابدۇلئەھەت (23)
ئىسلام دىنىدىكى خەير-ئېھسان توغرىسىدا ..............
...................... قۇربانجان يۈسۈپ (26)

### «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي سېھرىي كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا.........
........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (30)

### ئىسلام ئەدەب-بەزلەمىلىرى

نىكاھ قانۇنىغا ئاگلىق رىئايە قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرايلى!
........................ ياقۇپ ھەمدۇللا (33)
ئىسلام دىنى بالىلارنى سۈپەتلىك بېقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ
....................... ئەلانۇر ئىبەيدۇللا (37)
سالاملىشىش ................. شاھمەردان ئىمىنىياز (39)
مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى بۇرچى
.............. مۇھەممەت شۇئەيب ئابدۇلكېرىم (41)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
مەسئۇل مۇھەررىر: شەمسىددىن ھاجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: رىشىت ھاجى ۋاھىدى
تېخنىكا تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ھاجى ۋاھىدى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇپوچتانومۇرى:830001 تېل: (0991)2565729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
特聘编辑：热西提哈吉・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：哈吉瓦依提
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京市宣武区南横西街 103 号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001 电话：(0991)2565729

## زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت


رەھىمسىز قاتىل- تاماكىدىن ھەزەر ئەيلەك .................. ھاجى مەھمۇدى (43)
تاماكىنى تاشلايلى ("ت" تاۋۇسىغا تايىن تاپقان تەلەپ-تەكلىپ) .............. ئابدۇرەزاق ئابدۇخالىق (45)


## ئالىم-ئۆلىمالار


ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما—ئەپەندى مەخسۇم .................. ئابدۇرەھىم سابىت (46)


## خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە سۈرىيەدە زىيارەتتە بولدى ......... ئادىل ھاجى كېرەم (49)
قىرغىزىستانلىق مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى .................. ئۆز مۇخبىرىمىز (50)
ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۇڭگانلار .................. خۇ جىنخۇا (51)
جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى .................. ئۆز مۇخبىرىمىز (53)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى......
.................................. كېرىمى (53)


## ئىسلام مائارىپى


قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ...... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (54)
خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى...... تۇرغۇن ئىمىن (54)
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ............ يۇنۇس سادىق (54)
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى ............
.................................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت (54)
يەكەن ناھىيىسىدە 12-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ........
.................................. ئابلا تۇرسۇن (55)
يەكەن ناھىيىسىدە ئايال مېيىت يۇغۇچى (غەسسالە) لارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى ...... ئابلا تۇرسۇن (56)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار


ئەل سۆيەر دىنىي زات—ئابلىمىت مامۇت .................. سىدىق تۇردى (56)
خەلقچىل دىنىي زات—ئابدۇرىشىت قارىي ھاجى .................. ئۆمەر مافالق (57)
ساخاۋەتلىك دىنىي زات—داۋۇت مامۇت ھاجى .................. سىدىق تۇردى (58)
بېيىش يولىغا ماڭغان دىنىي زات—كېرىمۇللا غۇلام .................. سىدىق تۇردى (58)
خەيرىيەتچى دىنىي زات—ئابدۇرەھىم قارىي .................. ئىمىركىن مەتتۇرسۇن (59)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ............
.................................. ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى (60)
باينغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى ...... مۇھەممەت تۇرسۇن (60)
باينغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى... مۇھەممەت تۇرسۇن (60)
قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى .................. يۇنۇس سادىق (60)
قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى .................. يۇنۇس سادىق (61)
كۈچۈك ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ... ئابدۇرىشىت سادىق، ئابلىمىت قۇربان ھاجى (61)
چىرا ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى .............. مۇھەممەترەھىم توختىنىياز (62)
شايار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى .............. رەھىم راخمان (62)


## خەۋەرلەر


ئىبراھىم داموللا ھاجى ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى .................. ئابلىمىت قۇربان ھاجى (62)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


ژۇرنىلىمىز ئىشەنچىلىرىغا تەشەككۈر .................. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قەشقەر شەھىرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى


★ 1999-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# دوستانە زىيارەت

## — تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىمالىي ئافرىقىدىكى تۆت ئەرەب دۆلىتىنى زىيارەت قىلدى

□ ئەكبەر غۇلام

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 1998-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 23-كۈنىگىچە ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەش قاتارلىق تۆت ئەرەب دۆلىتىدە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

زىيارەت مەزگىلىدە لىۋىيە ئومۇمىي خەلق مەجلىسىنىڭ سېكرېتارى (باشلىقى) زىنادى، ئومۇمىي ھەيئىتىنىڭ سېكرېتارى (باش ۋەزىرى) مەنقۇش، تۇنىس خەلق پارلامېنتىنىڭ باشلىقى فوئات مۇباز؛ تۇنىستا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيە — ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ باش سېكرېتارى ئابدۇل ئەزىز ئىبنى زىيا، ئالجىرىيىنىڭ باش ۋەزىرى ئۇ يەھيا، ئالجىرىيە مەملىكەتلىك خەلق پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ئىبنى سالىھ، ئالجىرىيە مىللىي ھەيئەت (يۇقىرى پالاتا) نىڭ باشلىقى بۇماز، ماراكەشنىڭ باش ۋەزىرى مۇھەممەد يۇسۇف، ماراكەش ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى رازى، ماراكەش كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى سەئىد قاتارلىقلار تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ھەمدە تۆمۈر داۋامەت بۇ تۆت دۆلەتنىڭ پارلامېنت باشلىقلىرى بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

تۆمۈر داۋامەت تۆت دۆلەت رەھبەرلىرىنى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ۋە بۇ يىلقى كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار قىلدى ھەمدە ئوبدان كېتىۋاتقان دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تۆرتكىسى ئاستىدا ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ زىچلاشتۇرۇشنى، خەلقئارا ئىشلاردا باشتىن-ئاخىر ئۆزئارا ئىشىنىش، بىر-بىرىمىزنى قوللاش مەيدانىدا تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ يەنە يۇقىرىدىكى تۆت دۆلەتنىڭ ئىزچىل تۈردە «بىر جۇڭگو» مەيدانىدا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلگەنلىكىنى ماختىدى.

زىيارەت مەزگىلىدە، تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنە بۇ دۆلەتلەردىكى مەكتەپ، دېھقانچىلىق مەيدانى، پورت، مەسچىت قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدى ھەمدە مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىقلار، قەدىمىي ئاسارىئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ۋە دىنىي ساھەدىكى "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1998-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى "كۇئىنلۇن" مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

دۆلەت شېئىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، يىغىن يېقىندا سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ قايتقان ئىلياس قارىينىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى بىلەن باشلاندى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالار، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 242 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بېكمۇقامەت مۇسا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى مەتتىمىن ئابدۇرەھىم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇھەممەت يۈسۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ يەنچىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا، بىڭتۇەن مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى روزى ئىبراھىم، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئابدۇرىشىت نىياز، شۆي شىجې، قۇۋەتئالى، خەنبىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارە دىن باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ما نىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن، جۇ شېڭتاۋ قاتارلىقلار ۋەكىللەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ يەنچىڭلار مۇھىم سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە مەدەتكار بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ۋەكىللەرنى

چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قىلغان سۆزىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە پائال ھەمكارلىشىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى، دىنىي خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىنى، دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىشىنى، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن 5-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن دوكلات بېرىپ، بەش يىلدىن بۇيانقى ئاساسلىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھاجى ئەكبەر «ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا چۈشەنچە» بەردى. ئاندىن ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ ۋە قاراپ چىقىپ، بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى پىكىر-تەكلىپ، تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «نىزامنامە»نى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى.

12-ئاينىڭ 10-كۈنى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 153 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، ئاندىن كېيىن 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 1-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق 55 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت ۋە 6-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەم باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى: ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم يەنە بىر قېتىم رەئىسلىككە، ئىبراھىم روزى مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، سادىق قارىي ھاجى (قەشقەردىن)، شېرىپجان داموللا ھاجى (ئۈرۈمچىدىن)، ھاجى ئەكبەر (ئالتايدىن، قازاق)، ما ئەنتەي ئاخۇن (ئۈرۈمچىدىن، خۇيزۇ)، نىياز قارىي ھاجى (قىزىلسۇدىن، قىرغىز)، ئەبەيدۇللا مۇھەممەد نىياز ھاجى (باينغولىندىن)، يۇنۇس قۇربان داموللا ھاجى (ئاقسۇدىن)، قادىرجان ئۆمەر ھاجى (ئىلىدىن)، ئابلېتىپ ئابدۇرەھىم دامولla ھاجى (خوتەندىن) لار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ۋۇ جىگۇاڭ (خۇيزۇ) باش كاتىپلىققا سايلاندى. سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، يېڭىدىن سايلانغان ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ۋە باش كاتىپلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىدىن جۇ شېڭتاۋ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، سۇلايمان قاتارلىقلار يېڭىدىن سايلانغان جەمئىيەت رەھبەرلىرىنى سەممىمىي قوبۇل قىلىپ تەبرىكلىدى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام

جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا «ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 5-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى» ماقۇللاندى. يىغىندىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىس ما ئەنتەي ئاخۇن يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق، يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ تاماملانغانلىقىنى جاكارلىدى.

12-ئاينىڭ 11-كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 2-قېتىملىق "بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى" ۋە "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى: ليۇ يەنچىڭ، ئابدۇللا ھەمدۇللا، ئاروپ، ھاپىز، روزى ئىبراھىم، شۈي شىجې، خې جۇڭدې، خەن بىڭ، باتىر قاتارلىقلار قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرمۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللا «ئاپتونوم رايونىمىزدا "قوش بەشتە ياخشى" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا خۇلاسە دوكلات» بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې جۇڭدې «ئاپتونوم رايون بويىچە "بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى"، "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»نى ۋە تەقدىرلىنىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئىسملىكىنى ئوقۇپ ئۆتتى، ئاندىن تەقدىرلەنگۈچى سورۇن ۋە زاتلارغا گۇۋاھنامە ھەم خاتىرە بۇيۇم تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تەقدىرلەنگەن "بەشتە ياخشى دىنىي سورۇن" 50 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىي ساھەسىدىن 46 سورۇن بار، تەقدىرلەنگەن "بەشتە ياخشى دىنىي زات" 100 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى ساھەسىدىن 94 نەپەر دىنىي زات بار. تەقدىرلەنگەن بۇ دىنىي سورۇن ۋە دىنىي زاتلار 1993-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 1-قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنىدىن بۇيانقى بەش يىل ئىچىدە بەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك بولغان سورۇن ۋە دىنىي زاتلاردۇر.

يىغىن ئاخىرىدا «ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق "بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى" ۋە "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى دىنىي خادىملارغا ۋە ھەر مىللەت ئېتىقادچى ئاممىغا تەشەببۇسنامىسى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدا "قوش بەشتە ياخشى" پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى.

(بۇ نۆۋەت تەقدىرلەنگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى "بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى" ۋە "بەشتە ياخشى دىنىي زات"لار ئىسملىكى ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانىدا بېرىلىدۇ.)

# ئىسلام دىنىدا ئەمەللەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى

☐ تاھىر قادىر

ئىسلام دىنى تەڭداشسىز يەككە-يېگانە ئاللاتائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىشى ئارقىلىق كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى دىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرى زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ ئېتىقاد قىسمىدىن تارتىپ ئىبادەت، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە قىسىملىرىغىچە ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەربىر سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرگە ئالاقىدار ئەمەل ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلىپ كۆرسىتىلگەن.

"ئەمەل" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ئىش-ھەرىكەت قىلىش دېگەن بولىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدا شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش تەلىپى بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلىي ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغان ھەربىر بىجىرىم كىشىگە، ئەر-ئايال دەپ ئايرىماستىن ئورتاق قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنىڭ تەۋبە-ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە كىشىلەر بولمايدۇ. ئىسلامى ئىشلار ھەققىدە پەتىۋا بەرگۈچى كىشىلەر بولسا "ئۆلىما" دەپ ئاتىلىپ، بارلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە ھەممە مۇسۇلمانلار بىلەن ئورتاق بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى كىشىلا بولىدىكەن، ئۇ كىشى پادىشاھ بولسۇن، پۇقرا بولسۇن، باي بولسۇن، گاداي بولسۇن ئاللا بىلەن ئۆزى بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش، ئۆزىنىڭ ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدىغان بۇ كىشىلەر شەرىئەت ئاتالغۇسىدا "مۇكەللەف" يەنى شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش تەلىپى قويۇلغان كىشىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

"مۇكەللەف"نىڭ ئەمەللىرى ۋە بۇ ئەمەللەرنىڭ ھۆكۈملىرى تۆۋەندىكى يەتتە تۈر ئىچىدە بولىدۇ:

### 1. پەرز

ئۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىس❶تىن ئىبارەت كەسكىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىللەر ئارقىلىق بەلگىلىنىپ چىققان، پەرزلىكىدە ھېچقانداق شەك-شۈبھە بولمىغان ئەمەلدۇر.

**ئۇنىڭ ھۆكۈمى:** ئۇنىڭغا پەرز دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنى بەجا كەلتۈرۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ زور مەجبۇرىيەتتۇر. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلسا، ئىماندىن ئاجراپ دىندىن چىققان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئورۇندىماي تەرك ئەتسە، قاتتىق ئازابقا لايىق بولىدۇ، ئۇنداق كىشى "فاسىق" يەنى ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ.

پەرز ئىككى قىسىم بولىدۇ: 1) پەرز ئەيىن، 2) پەرز كۇپايە.

**1) پەرز ئەيىن:** يەنى ھەربىر مۇسۇلمان شەخسەن ئۆزى ئىجرا قىلىدىغان پەرز بولۇپ، ئۇ شەرىئەت ھەربىر مۇكەللەفتىن ئارتۇق-كەم قىلماستىن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان پەرزدۇر. مەسىلەن، ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تولۇق بىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، بەش ۋاخ ناماز

---

❶ **مۇتەۋاتىر ھەدىس:** يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاپ نەقىل قىلغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ رەسۇلۇللادىن كېيىن تا بۈگۈنگىچە ئۆز ئەينى بويىچە رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن، ئىشەنچلىك بولۇش جەھەتتە دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ سەھى ھەدىس ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، قۇدرىتى يەتسە ھەج قىلىش قاتارلىقلار.

**ئۇنىڭ ھۆكۈمى:** بۇ ئەمەللەرنى ھەربىر "مۇكەللەف" ئۆزى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنى بەزى مۇكەللەفلەر قىلىپ، بەزىسى قىلمىسا، قىلمىغانلارنىڭ گەدىنىدىن بۇ مەجبۇرىيەت بىكار قىلىنمايدۇ. ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە پەرزنىڭ ئورنى ئەڭ مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر ئىبادەت تەركىبىدە پەرز دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەللەر چۈشۈپ قالسا، شۇ ئىبادەت مەقبۇل بولمايدۇ. مەسىلەن، ھەرقانداق بىر نامازنىڭ مەقبۇل بولۇشى، ئۇنىڭ تولۇق ئادا تېپىشى ئۈچۈن بەدەن، جاي پاك بولۇش، قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ، سەجدە قىلىش قاتارلىق ئون ئىككى پەرزدىن بىرەرسى چۈشۈپ قالسا، شۇ نامازنى باشقىدىن ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇلار فىقھى كىتابلىرىدا ناھايىتى ئوچۇق دەلىللەر بىلەن ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك ھەجنىڭ پەرزى ئۈچ بولۇپ، بۇلاردىن بىرەرسى چۈشۈپ قالسا، ھەج مەقبۇل بولمايدۇ

2) **پەرز كۇپايە:** يەنى كۇپايە پەرز. بۇ پەرز ئۇنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىگە ئاساسەن، شەرىئەت مەلۇم بىر يۇرت ياكى رايون تەۋەسىدىكى بارلىق مۇكەللەفلەردىن ئومۇمەن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان پەرز بولۇپ، بۇ خىل پەرزنىڭ تەلىپى ھەربىر شەخسكە ئايرىم-ئايرىم قويۇلماستىن، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق قويۇلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر مەھەللە-كەنتلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ شەرىئەتكە ئائىت بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، دىن ئەھكاملىرىنى توغرا ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا تەبلىغ-تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشى؛ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان تېبابەت ۋە پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سانائەتكە ئوخشاش دۇنياۋى بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىشى. بۇ ئىككىسى ئەگەر ئۆگەنگۈچىنىڭ نىيىتى توغرا، خالىس بولسىلا ئەجىر ساۋاب جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە جىنازا نامىزى ئوقۇش، ئۈزىتىش، دەپنە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرمۇ پەرز كۇپايە ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇنىڭ ھۆكۈمى:** بۇ ئەمەللەرنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بەزى كىشىلەر ئادا قىلسا باشقىلارنىڭ گەدىنىدىن بۇ مەجبۇرىيەت بىكار قىلىنىدۇ، يەنى شۇ جايدىكى باشقا مۇسۇلمانلار شارائىتى يار بەرمەي ئادا قىلالمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر پەرز كۇپايىنى قەستەن ھېچكىم ئورۇندىمىسا، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى پەرز ئەيىنى تەرك ئەتكەن ھېسابىدا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

### 2. ھارام

بۇ پەرز ياكى ھالالنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇنىڭ ھاراملىقى «قۇرئان كەرىم» ۋە مۇتەۋاتىر سۈننەتتىن ئىبارەت كەسكىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىللەر ئارقىلىق بەلگىلىنىپ چىققان، ھاراملىقىدا ھېچقانداق شەك-شۈبھە بولمىغان ئەمەلدۇر. مەسىلەن، رەسۇلۇللا ئۆز ھەدىسىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، ئىنساننى ھالاكەتكە دۇچار قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇلار ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردۇر: 1) ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش: يەنى ئاللانى قويۇپ ھەرقانداق بىر مەخلۇققا باش ئۇرۇش، ئۇنى ئىلاھ دەپ ئاتاش، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق قىلىش، مازار-ماشايىخلارنى ئۇلۇغلاپ ئۇلاردىن مەدەت تىلەش قاتارلىقلار؛ 2) سېھىرگەرلىك قىلىش: يەنى رەمباللىق، جىنكەشلىك قىلىپ، كىشىلەرنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش قاتارلىقلار؛ 3) ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش؛ 4) جازانە يېيىش؛ 5) يېتىم-يېسىرلارنىڭ مېلىنى يەۋېلىش؛ 6) كەلىمە تولللانى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تىرىشچانلىقتىن باش تارتىش؛ 7) پاك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش.

شۇنىڭدەك يەنە زىنا قىلىش، نورمال

بولمىغان ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇش، ھاراق ئىچىش، تۇڭگۇز گۆشى يېيىش، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھەرقانداق ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش، كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىپ ئابرۇيىنى تۆكۈش، ئۆسمۈر، كىچىك نارەسىدىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش، يالغان گۇۋاھلىق ئېيتىش، پارە بېرىش، پارە ئېلىش، كىشىلەرنى ئاتا-ئانىسىنى چىشلەپ تارتىپ تىللاش، ئوغرىلىق-بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، يالغان قەسەم قىلىش، يالغان سۆزلەش ۋە بۇ ئارقىلىق سودا-سېتىقتا كۆز بويامچىلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ئىسلامىيەتنى قارىلاش، ئىسلام ھەققىدە ئاساسسىز سۆزلەش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېمىگەن سۆزنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىش، ئويدۇرۇپ چىقىرىش، قەستەن پىتنە-پاسات تېرىپ مۇسۇلمانلار ئىچىدە بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش قاتارلىقلارمۇ ھارام ئەمەللەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇلار زاماننىڭ رەپتارىغا بېقىپ بىرەر شەخسنىڭ يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇۋالغان سۆزى بولماستىن، بەلكى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپتە تولۇق ئاساس بىلەن بۇنىڭدىن ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغان بەلگىلىمىلەردۇر، بۇلار ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

**ھارام ئەمەللەرنىڭ ھۆكمى:** ئۇنى قىلغان ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، قىلمىغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئىمانسىز بولۇپ، دىنىدىن چىقىدۇ. ئەمما مەلۇم بىر كىشى ئاغزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېتىقادتا تەئەللۇق مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلمىغان بولسىلا، ئۆزىنىڭ دىنسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرمىگەن بولسىلا، ئۇنىڭ چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلىقىغا قاراپ ئۇنى دىنىدىن چىقتى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىمانى ئاجىز ئىمان بولغان بولىدۇ❶، ئەگەر ئۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇنىڭ ئىمانى كۈچىيىپ بارىدۇ❷. يۇقىرىدىكى "پەرز" ۋە "ھارام"نىڭ ھۆكۈملىرى دىنىمىزنىڭ ئاساسى نېگىزىگە، ئېتىقاد مەسىلىلىرىگە تەئەللۇق بولغان پرىنسىپال مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ بۇ مەسىلىلەرنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئېتىقادتا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئورتاقلىقتا ئىگە، شۇڭا مۇسۇلمانلا بولىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئاللانى بار ۋە بىر دەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى دەپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئاللانىڭ ھۇزۇرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئەڭ چوڭ مۆجىزە دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، شۇنداقلا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش پەرز ئەمەللەرنىڭ پەرزلىكىدە، شەرىئەتتە ھارام دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەللەرنىڭ ھاراملىقىدا ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. بۇ جەھەتلەردە بارلىق مۇسۇلمانلاردا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

### 3. ۋاجىب

بۇ خەبەرى ئاھاد❸تىن ئىبارەت ئىككى خىل

---

❶ بۇ ھەقتىكى دەلىللەر «قۇرئان كەرىم» 4-سۈرە «نىسا»، 94-ئايەتتە ۋە ئەقائىد كىتابلىرىدا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، تەپسىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

❷ بۇ ھەقتىكى دەلىل «قۇرئان كەرىم» 8-سۈرە «ئەنفال»، 2-ئايەتتە كۆرسىتىلگەن. «تەپسىر شىرئاۋى»غا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

❸ خەبەرى ئاھاد: بىر ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ نەقىل قىلغان، لېكىن مۇتەۋاتىرلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن، كېيىن ساھابىلەرنىڭ ئاغزىدىن رىۋايەت قىلىنىپ مەشھۇر بولۇپ كەتكەن، يالغان ئارىلىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان سەھىي ھەدىسكە قارىتىلىدۇ. نەقىل قىلىش جەھەتتە مۇتەۋاتىرغا يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغان ھۆكۈمى ئېھتىماللىقى بولغان ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېھتىماللىقى بولغان دەلىل ئارقىلىق بەلگىلىنىپ چىققان ئەمەل بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرىيىتىدە سەل-پەل شۈبھە بولۇپ قالغانلىقتىن پەرزلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئەمەلدۇر. مەسىلەن، ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇش، ۋىتىر نامىزى ئوقۇش، قۇربانلىق قىلىش؛ ھەج ئەمەللىرىدىن: مۇزدەلىفەدە تۇرۇش، سەفا-مەرۋە ئارىلىقىدا مېڭىش، تاش ئېتىش قاتارلىقلار؛ نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن: سۈرە پاتىھەنى ئوقۇش، پاتىھەگە ئۇزۇن بىر ئايەت، قىسقا ئۈچ ئايەت مىقدارى سۈرە قوشۇش، نامازنىڭ ئادا قىلىنىشىدا تەمكىن بولۇش، بولۇپمۇ پەرز ئەمەللىرىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىش قاتارلىقلار. ئەگەر نامازدا ۋاجىپ ئەمەل چۈشۈپ قالسا، بۇ ناماز سەجدە سەھۋە قىلىش بىلەن تولۇقلىنىپ ئادا تاپىدۇ، بۇنى پەرزگە ئوخشاش قايتا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

**ئۇنىڭ ھۆكمى:** ۋاجىپ ئەمەللەرنى قىلىش قەتئىي زۆرۈردۇر، ئەمما ئۇ پەرزگە ئوخشاش ئېتىقاد قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشى دىندىن چىقتى دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. ۋاجىپ ئەمەلنى قىلغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلمىغان ئادەم ئازابقا دۇچار بولىدۇ. باشقا فىقھى مەزھەپلىرىدە بۇنى "سۈننەتى مۇئەككەدە" دېگەن نام بىلەن ئاتايدۇ.

### 4. مەكرۇھ تەھرىمى

بۇ، خەبەرى ئاھاد ئارقىلىق بەلگىلىنىپ چىققان، ئۇنىڭ چەكلەش دەلىلىدە سەل-پەل شۈبھە بولۇپ ھاراملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، ئەمما شەرىئەت ئۇنى قىلىشتىن چەكلىگەن ئەمەلدۇر. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ پۈتۈشكەن سودىسىنى بۇزۇش، رۇكۇ، سەجدىلەرگە ئىمامدىن بۇرۇن كېتىش، نامازدا ئوڭ-سولغا قاراش، نامازدا ئاياللارنىڭ چېچىنى تۈرۈۋېلىشى، روزىدار كىشىنىڭ بىرنەرسىنى تېتىپ كۆرۈشى، ناماز ئوقۇغاندا سەجدىدە بىلەك جەينەكلىرىنى يەرگە قويۇۋېلىش قاتارلىقلار.

**ئۇنىڭ ھۆكمى:** ئۇنى قىلغان ئادەم ئازابقا دۇچار بولىدۇ، لېكىن ھارامنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم دىندىن چىقمايدۇ.

### 5. مەكرۇھ تەنزىھى

بۇ، ھارام ۋە مەكرۇھى تەھرىملەرنىڭ دەلىللىرىگە ئوخشاش قەتئىي دەلىللەر بىلەن جەددىي يوسۇندا چەكلەنمىگەن ئەمەلدۇر. مەسىلەن، سۇنى چاچرىتىپ تاھارەت ئېلىش، يىرتقۇچ قۇشلار ئىچىپ قويغان سۇدا تاھارەت ئېلىش، باللارغا مەنىسى توغرا بولمىغان ئىسىملارنى قويۇش، ئۆي ۋە مەسچىتلەرگە سول پۇت بىلەن كىرىش، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش ھەم سۇ ئىچىش، كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا ئۆرە تۇرۇپ سىيىش، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تەرەت پۇشۇرۇش، دەرەخ سايىسى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا تەرەت قىلىش، سول قول بىلەن تائام يېيىش، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يەل قويۇۋېتىش، ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىش قاتارلىقلار.

**ئۇنىڭ ھۆكمى:** مەكرۇھ تەنزىھىنى قىلىش زور ئازابقا سەۋەب بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى قىلغان كىشى قىلماسلىق ئەۋزەل بولغان، قىلماسلىق ئارقىلىق ساۋاب ۋە دەرىجىگە ئېرىشىشكە لايىق بولىدىغان ئىشنى قىلغان بولۇپ، ساۋابدىن قۇرۇق قالىدۇ.

### 6. مۇباھ

ئۇ، قىلىش-قىلماسلىقنى شەرىئەت "مۇكەللەف"نىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويغان ئەمەلدۇر. مەسىلەن، ھالال نەرسىلەرنى يېيىش ۋە ئىچىش، شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار.

**بۇنىڭ ھۆكمى:** ئۇنى قىلغانلىقتا ياكى قىلمىغانلىقتا ساۋابمۇ-گۇناھمۇ بولمايدۇ.

### 7. سۈننەت

ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى يول دېگەن بولىدۇ،

شەرىئەت ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا تۇتقان ۋە كۆرسەتكەن يولى دېگەن بولىدۇ.

سۈننەت ئىككى قىسىم بولىدۇ: 1) سۈننەتى مۇئەككەدە، 2) سۈننەتى غەيرىي مۇئەككەدە.

1) **سۈننەتى مۇئەككەدە:** بۇ تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قىلغان سۈننەتتىن ئىبارەت. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بۇ ئەمەللەرنىڭ پەرز ياكى ۋاجىپ دەرىجىسىدە ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ئەمەلدۇر. مەسىلەن، ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم كەلتۈرگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر ئۈممىتىمگە ئېغىرچىلىق سېلىپ قويىماي دېمىگەن بولسام، مەن ئەلۋەتتە ئۇلارغا ھەر نامازنىڭ ئالدىدا مىسۋاك قىلىشنى بۇيرۇغان بولاتتىم"**. دېمەك، مىسۋاك قىلىش سۈننەتى مۇئەككەدە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەدىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ پەرز دەرىجىسىدە ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن. يەنە مەسىلەن، نامازدىكى سۈننەتلەر: نامازدا تۇرغاندا قولنى كىندىك ئاستىغا قويۇش❶، نامازغا كىرىشكەندە ئەرلەر قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرۈش ❷ شۇنداقلا، بامداتنىڭ ئالدىدىكى، پېشىننىڭ ئالدى-كەينىدىكى، شام ۋە خۇپتەنلەردىكى سۈننەتلەر❸مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

**ئۇنىڭ ھۆكۈمى:** ئۇنى قىلغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلمىغان ئادەم پەيغەمبىرىمىز داۋاملىق قىلغان سۈننەتنى تاشلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئازابقا قالمىغان تەقدىردىمۇ ئەيىب-مالامەتكە قالىدۇ. ھەمدە شاپائەتتىن مەھرۇم قېلىشىمۇ مۇمكىن.

2) **سۈننەتى غەيرىي مۇئەككەدە:** بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىدە قىلىپ، بەزىدە قىلمىغان سۈننەتلەردۇر. مەسىلەن، ئەسىر، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئالدىدىكى سۈننەتلەر؛ ئەرلەر ناماز ئوقۇغاندا بېشىغا بىرنەرسە كىيىپ ئوقۇش؛ نامازدا سالامدىن كېيىنكى ئەمەللەر، مەسىلەن، تەسبىھ، تەھلىل ئېيتىش، قول كۆتۈرۈپ ۋە ئومۇميۈزلۈك قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىش قاتارلىقلار.

**ئۇنىڭ ھۆكۈمى:** ئۇنى قىلغان ئادەم ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلمىغان ئادەم گۇناھكار بولمايدۇ، بۇ خىل سۈننەتلەر مۇستەھەب، نەفلە، ئېھسان، تەتەۋۋۇئ، مەندۇب دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

ئېھتىمال يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەرنى ئوقۇپ بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئويىغا: ئاللاتائالا نېمە ئۈچۈن بەزى ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىشنى قەتئىي يوسۇندا بەلگىلەپ، بەزىلىرىنى قىلىش-قىلماسلىقنى "مۇكەللەف"نىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ قويغاندۇ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئاللاتائالا بۇ ئارقىلىق بەندىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، بۇمۇ دىنىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا بەندىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆپرەك ئەمەل قىلىۋېلىشى، شۇ ئارقىلىق ئارتۇقراق ساۋابقا ئېرىشىۋېلىشى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنىڭ "مۇكەللەف"نى ئىختىيارىي ساۋابقا ئىنتىلدۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار. بۇنىڭدا بىراۋ بەزى ئەمەللەرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ، مۇھىمى ئۇ ساۋابىدىن قۇرۇق قالىدۇ. تەقۋادار ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ساۋابىدىن قۇرۇق قېلىشىنى ئەلۋەتتە خالىمايدۇ. چۈنكى ساۋابىدىن قۇرۇق قېلىشنىڭ ئۆزى ئاللاتائالانىڭ نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇ بىر ھەقىقىي مۆمىن

---

❶ بۇ ھەقتىكى دەلىللەر «ئەبۇداۋۇد»، «ئاسارۇسسۈنەن»، «جەۋھەرۇننەقى»، «تەھزىبۇتتەھزىب»، «ئىلا ئۇسسۈنەن» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىدا بايان قىلىنغان.

❷ بۇ ھەقتىكى دەلىللەر «سەھى مۇسلىم»، «مۇسنەدى ئىمام مالىك»، «ئاسارۇسسۈنەن» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىدا بايان قىلىنغان.

❸ بۇ ھەقتىكى دەلىللەر «تىرمىزى» ۋە «نەسەئى» قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىدا نەقىل قىلىنغان.

ئۈچۈن بۇ چەكلىك مۇددەت ئىچىدىكى ھاياتتا تارتقان زىيان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھەب ئەمەللەرنىمۇ ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە ئىجرا قىلىشىمىز، ئاددىي مەكرۇھ ئەمەللەردىنمۇ ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز، بۇلارنى ئاددىي چاغلاپ قالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **"ئاددىي بولسىمۇ ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنى تۆۋەن كۆرمەڭلار، قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە ئوچۇق چىراي ئۇچرىساڭمۇ (ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ)"**.

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز مۇكەللەپ كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى مۇشۇ دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ئەمەللەرنى بۇ ھۆكۈملەر كاتېگورىيىسىگە سېلىپ ئايرىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بېكىتىش لاياقىتى مۇناسىۋەتلىك ئەرەب تىلى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللىگەندىن سىرت، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى بىلىملىرىنى تولۇق ئىگەللىگەن نوپۇزلۇق ئۆلىمالارغىلا مەنسۇپتۇر. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولغان مۇجتەھىد ئۆلىمالار مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى قۇرئان، ھەدىس، ئىجماھ، قىياستىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا سېلىپ، ئوچۇق، مۇپەسسەل بايان قىلىپ، ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق دەلىللەر ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھۆكۈملىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، قەلەمگە ئېلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويغان.

بۇ ھۆكۈملەر ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەقنى ناھەقتىن، توغرىنى خاتادىن ئايرىۋالىدىغان مۇھىم ئۆلچەمدۇر. ئەگەر بىز بۇ ھۆكۈملەرنى ئېنىق بىلمىسەك، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلغاندا خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشىمىز، مۇستەھەب ئەمەلنى دەپ ھارام، مەكرۇھ ئەمەللەرنى قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلغاندا، ھەجەرۇلئەسۋەدنى (قارا تاشنى) ھەر قېتىملىق تاۋاپتا بۇسە قىلىپ سۆيۈپ مېڭىش سۈننەت. ئەمما ھاجىلار كۆپىيىپ كەتكەن ھەج مەزگىلىدە، بۇ سۈننەتنى ئىجرا قىلىمەن دەپ ھاجىلار توپىدا قىستاڭچىلىق پەيدا قىلىپ، كىشىلەرگە ئەزىيەت ۋە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ، يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولۇش ھارام. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھەجەرۇلئەسۋەدگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىمىز. سۈننەت ئەمەلنى قىلىمەن، دەپ ھارام ئەمەلنى قىلىپ سالمايمىز.

ئەمما بىز جەمئىيىتىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ خىل خاتالىقنى بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلىپ قويۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇچرىتىپ تۇرۇپتىمىز. ھەقىقەتەنمۇ مۇستەھەب ئەمەللەرنى تالىشىپ ماجىرالىشىشلار، بىر-بىرىگە ئازار بېرىشلەر، ھەتتا كىشىلەرنى ئىسلامىيەتتىن نەپرەتلەندۈرۈشلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك بولغىنى تۈگىمەس ئىختىلاپ ۋە پارچىلىنىشلارغا سەۋەب بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتىمىز، بىز تالىشىۋاتقان بۇ ئىشلار، ھەقىقەتەن، شۇنداق مۇھىم، ئىسلامىيەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىجرا قىلمىسا قەتئىي بولمايدىغان مەسىلىلەرمىدى؟ ياق، بۇ ئۇنچىلىك سالماقتىكى مەسىلىلەر بولماستىن، دىنىمىزنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېتىقادى مەسىلىلەر بولماستىن، بەلكى ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇش-بولماسلىقىغا قىلچە تەسىرى بولمىغان ۋە بولمايدىغان، پەقەت نامازدىكى بەزى مۇستەھەب ئىشلار ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئەگەر بىراۋ قەستەن تەرك ئەتكەن تەقدىردىمۇ نامىزىنىڭ ئادا تېپىشىغا قىلچە تەسىرى بولمايدىغان، فاتىھەدىن كېيىن ئامىننى ئۈنلۈك دېيىش ياكى مەخپىي دېيىش، ئارىلىقتا قول كۆتۈرۈش ياكى كۆتۈرمەسلىك، تەشەھھۇدتا قولنى مىدىرلىتىپ تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق، قىيامدا

تۇرغاندا قولىنى كۆكرەككە قويۇش ياكى كىندىك ئاستىغا قويۇش دېگەندەك مەسىلىلەر ئىدى. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز فىقھى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئىماملىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىستىن كەلتۈرگەن دەلىل-ئىسپاتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولسا ياخشى بولاتتى.

مۇنداق مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز، بىرەر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ھەرقايسى تەرەپنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسنىڭ ئەسلى نەسىدە (مەتنى دەلىلىدا) قارىمۇقارشىلىق ياكى ئوخشاشماسلىق بولمىسىمۇ، ئەمما قىسمەن سەۋەبلەر، بولۇپمۇ تىل ئامىلى سەۋەبلىك مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ چۈشىنىشىدە پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى مەسىلىلەر ئىككى خىل ئېھتىماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن، ھەنەفى ئېقىمىدىكى ئالىملار "پەرز" بىلەن "ۋاجىپ" ئايرىم-ئايرىم مەنىدە دەپ قارىسا، باشقا ئېقىمدىكى ئۆلىمالار "پەرز" بىلەن "ۋاجىپ" لۇغەت جەھەتتىن بىر مەنىدە، شۇڭا ئۇچۇن ئىككىسىنى بىر مەنىدە قوللىنىش كېرەك دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇ ئارىلىقتا ئىلمىي ئاشاسقا ئىگە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. شۇڭا ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ توغرا يولىنى ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىنكار قىلماسلىقىمىز، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىيلىقىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىكىمىز لازىم. بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى پەتىۋا كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەتىيەسەقەرنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېيتقان سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈشنى لايىق تاپتىم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ناماز ئوقۇش مەسىلىسىدىكى ئوخشىماسلىققا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق دەلىل-ھۆججەتلىرى بولۇپ، ھەربىر مەزھەپ پېشۋالىرىنىڭ ھەدىسنى چۈشىنىشى ياكى مەلۇم بىر ھەدىسنىڭ دەرىجىسىنى بېيتىشتا ھەدىسنى نەقىل قىلغان مەلۇم شەخسكە قارىتا بولغان قارىشىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىدىن بۇ خىل تارماق مەسىلىلەردىكى قىسمەن ئوخشاشماسلىق مەيدانغا كەلگەن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى نامازنىڭ سۈننەت، مۇستەھەبلىرىدىكى ئوخشىماسلىق، ھەرگىز پەرزنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، بۇلارنى قەستەن تەرك ئەتسەڭمۇ نامىزىڭ دۇرۇس بولىۋېرىدۇ، ئىمام شافىئى بۇ ئەمەللەرنى سۈننەتدىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھەيئەتلەر دەپ ئاتىغان. قىسقىسى سىلەر بۇ خىل ھەيئەتلەردە تالاش-تارتىش قىلماڭلار، بۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى يوق. ئەۋزەللىك مەسىلىسىگە كەلسەك، ئوخشاشلا ئالدىڭدا دەلىل-ئىسپاتلىق ئىككى مەسىلە تۇرۇپتۇ. مۇھىمى ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن مەلۇم بىر جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قايسى فىقھى مەزھىپىدە ماڭغان بولسا، شۇ بويىچە مېڭىشىڭلار كېرەك، ھەرگىز ئىختىلاپ قىلىشماڭلار" مانا بۇلار بېشىدىن 85 باھارنى ئۆتكۈزۈپ كوپنى كۆرگەن، ئەرەب ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ فىقھى جەھەتتىكى زور بىلىمى بىلەن شۆھرەت تاپقان بىر ئالىمنىڭ ئاشۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە سورىغان سوئالىمغا بەرگەن جاۋابى. ھەرقانداق بىر خەلق، بىر مىللەتنىڭ توغرا بولغان بىر ئېتىقاد، بىر مەسلەكتە بولۇشى ئاللاتائالانىڭ شۇ خەلق، شۇ مىللەتكە ئاتا قىلغان ئەڭ زور نېمەتلىرىنىڭ بىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قېرىنداشلار بىز بۇ نېمەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويمايلى!

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. «قۇرئان كەرىم»؛ 2. «بۇخارى»؛ 3. «مۇسلىم»؛ 4. «ئەقائىد نەسەفى»؛ 5. «ئەقائىد جەۋھەرى»؛ 6. «ئەلئىمان» (شەيخ زىندانىنىڭ)؛ 7. «ئۇسولول فىقھى» (ئىمام مۇھەممەد ئەبۇزۆھرەنىڭ)؛ 8. «نورولئەنۋار»؛ 9. «ئۇسول شاشى»؛ 10. كەيفىيە توسەلاتىن نەبى ئەلا زەۋئى ئىجتىھادى مەزھەبىل ھەنەفى قاتارلىقلار.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆتكەنكى قارارلىق ئىماملار كۇرسىنىڭ كۇرسانتى؛ دەسلەپكى تەھرىرى: مۇھتەرەم ھاجى؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)

# "ئىمان ۋاجىپلىرى" ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

□ لى خۇڭمىڭ

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىگەن ئالىي پەزىلەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۇلارنىڭ ئىدىيە-ئېتىقادى بىلەن زىچ باغلانغان. ئىسلام دىنىدىكى "ئىمان ۋاجىپلىرى" مۇسۇلمانلار ئادا قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئىماننىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

"ئىمان ۋاجىپلىرى" ئەرەبچە "ۋاجىبەتۇل ئىمان" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مۇسۇلمانلاردىن ئېتىقاد پرىنسىپلىرى بويىچە تىرىشىپ ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى رېئال ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز:

**1. پەزىلەتلىك ھەم بىلىملىك كىشىلەرنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنىڭ پاك، ئېسىل ئەدەب-ئەخلاقلىرىنى ئۈلگە قىلىش.** ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى پاك، غۇبارسىز بولىدۇ، پەقەت جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەنلا ئۇلار ئوخشاش بولمىغان يوللاردا ماڭىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەربىر بوۋاق تۇغۇلغان چېغىدا ئىسلام بىلەن تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى يەھۇدىي، ناسارا (خرىستىئان) ياكى مەجۇسى (ئاتەشپەرەس) قىلىپ قويىدۇ".** پاك ھەم پەزىلەتلىك، بىلىملىك كىشىلەرنى تاللاپ قوشنا ئولتۇرۇش، ئۇستاز تۇتۇش، دوست تۇتۇش، ئۈلگە قىلىش كىشىلەرنىڭ توغرا تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تىكلىشىگە پايدىلىق. بۇ خىل قاراش "قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى" دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش ئەقلىيىسىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھىتىغا ئېرىشىشتە پاك ھەم پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇش ناھايىتى مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنىدا يەنە تۈرلۈك پايدىلىق بىلىملەرگە ئېرىشىشتە گەرچە بىلىم بەرگۈچىلەر بىلەن ئېتىقاد ئوخشىمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلىنىدۇ. مانا بۇ تەلىم-تەربىيىنى ئىززەتلەش ھەم يامانلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياخشىلارغا يېقىن بولۇشتەك جەمئىيەت كەيپىياتىنى تىكلەش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئاچ قالغان ۋە ئۇسسىغانلارغا يېمەك-ئىچمەك بېرىش.** كىشىلەر ئوزۇق-تۈلۈكنى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، كۆپلىگەن نامرات مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دائىم قول-ئىلكىدە بار باياشات مۇسۇلمانلارنى پۇل-مال سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قول-ئىلكىدە بار كىشىلەرنىڭ زاكات بېرىشىنى ئىسلام دىنىدىكى "شاھادەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج" دىن ئىبارەت بەش پەرزنىڭ بىرى قىلغان ۋە ئاچ قالغان ھەم ئۇسسىغانلارغا يېمەك-ئىچمەك بېرىشنىڭ ئاللاتائالانى ھەسسىلەپ رازى قىلىدىغان ساۋابلىق ئەمەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر قېتىم خەندەك قازغاندا، ئۇ

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچلىقتىن ناھايىتى قىينىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ ئايالى بىلەن ئۇن تارتىپ، قوي سويۇپ، يېمەك-ئىچمەك راسلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تاماققا تەكلىپ قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭكىگە بارغان، يەنە نۇرغۇن كەمبەغەل كىشىلەرمۇ يېمەك-ئىچمەككە ئېرىشكەن، بۇنىڭ بىلەن جابىر ئىبنى ئابدۇللا ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن.

سۇ بولسا قۇرغاق ئەرەب چۆللىكىدىكى ئادەم ھەم مال-چارۋىلار ھاياتلىقىدىكى قىممەتلىك تەبىئىي بايلىق بولۇپ، سۇنى سەدىقە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر قېتىم ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ھەققى ئۈچۈن قانداق نەرسىنى سەدىقە قىلسا ئەڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "سۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن، ئاندىن ئۇ بىر قۇدۇق قېزىپ كىشىلەرگە سۇ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ ساۋابى سەئىدنىڭ ئانىسىغا بولىدۇ"** دېگەن. مانا بۇ تا بۈگۈنگىچە مەدىنە شەھىرىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان "سەئىدنىڭ سۇ سەدىقەخانىسى" دۇر. ئىسلام دىنىدا يېتەرلىك سۈيى تۈرۈپمۇ سۇسىز قالغان يولۇچىلارنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن سۇ بەرمەيدىغان بېخىللىق ناھايىتى چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتتە ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ھەم مەغپىرەت قىلىنمايدۇ."** يېمەك-ئىچمەك سەدىقە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش كىشىلەردە خەير-ساخاۋەتچىل بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ، بۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق.

**3. كېسەللەرنى يوقلاش، ئاغرىق-سىلاقلارنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلىش.** تېۋىپ ئاز، دورا كەمچىل بولغان زامانلاردا كېسەللىك كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمەندى. كىشىلەرنى يوقلاش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بىر-ئىككى ئېغىز بولسىمۇ تەسەللىي بېرىش كىشىلەرگە غايەت زور روھىي تەسەللىي بولۇپ، ئۇلاردا كېسەللىكنى يېڭىش ئىرادىسىنى تىكلەيتتى. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ ئۆز قىزىنىڭ سەكراتتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ رەسۇلۇللانى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بۇ چاغدا مەن سەئىد ۋە ئۆبەيلەر رەسۇلۇللانىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق. رەسۇلۇللا زەينەپكە: **ئېلىش ۋە بېرىش ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەرقانداق نەرسىنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. زەينەپ ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابىنى قىلسۇن ۋە سەۋر قىلسۇن**، دەپ جاۋاب ئەۋەتتى. زەينەپ رەسۇلۇللانىڭ كېلىشىگە قەسەم قىلىپ، يەنە ئادەم ئەۋەتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن باردۇق. بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا قويۇلدى. ئۇ بىئارام بولۇپ ئىڭراۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى. سەئىد: ئى رەسۇلۇللا، نېمە بۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **بۇ ئاللا خالىغان بەندىلىرىنىڭ دىلىغا سالىدىغان رەھمەتتۇر. ئاللا رەھىمدىل بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىدۇ**، دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن.

**4. مېيىت يۇيۇش.** مېيىتنى يۇيۇپ پاكىزلاش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، يەرلىككە قويۇش—ئىسلام دىنىنىڭ دەپنە قىلىش بەلگىلىمىلىرىدىكى پەرز شەرتلەر بولۇپ، ۋاپات

بولغۇچىنىڭ مېيىتنى يۇيۇپ-تاراش ھايات كىشلەرنىڭ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىتنى ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ-تارىغانىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ مۇبارەك مېيىتىنى يۇيۇپ-تارىدى. مېيىتنى يۇيۇپ-تارىلاش ئىشنى چوقۇم سەممىي، يۇۋاش، مەسئۇلىيەتچان، ئىش-ھەرىكىتى چاققان كىشى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، ھازىدار ئائىلىلەرگە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىللىقلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشلەردە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

**5. نامراتلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشىغا پۇل-مال ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ياردەم بېرىش.** نامراتلىق ئەرەب جەمئىيىتىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەسىلە. ھالبۇكى، ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاچ-يالىڭاچ كەمبەغەللەر، قۇللار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەلۇم بىر ئالىم ئىسلام دىنىنى كەمبەغەللەرنىڭ دىنى دەپ ئاتىغانىدى. ئىسلام دىنى تارقىلىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى پۇل-ماللىرى بىلەن ئاشۇ نامرات كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا چاقىرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق ئاماللار بىلەن نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا باشلىغان. ئۇ ھەر دائىم نامرات مۇسۇلمانلارغا ئەمگەك قىلىش، سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش، يەر تېرىش، ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن پۇل-مالغا ئېرىشىپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا نەسىھەت قىلاتتى. بىر قېتىم موھتاجلىقتا قالغان بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە تىلەپ كەپتۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دىگىنىنى بەرگەندىن كېيىن، يەنە ئۇنىڭغا بىر پالتا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن جان بېقىشىنى تاپىلاپتۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇتۇنچىلىق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن:" **ھالال ئەمگىكى بىلەن جان باققان كىشى ئەڭ ئالىيجاناب كىشىدۇر**" دەپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نامرات ساھابىلەرگە نەسىھەت قىلىپ:" **سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتۇن تېرىپ كېلىپ (سېتىپ) جان باقسا، مەيلى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، بۇ كىشىلەردىن تىلەمچىلىك قىلىپ جان باققاندىن كۆپ ياخشى**" دېگەن. بىر قېتىم ساھابىلەر بىر قاۋۇل يىگىتنىڭ ھەر كۈنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئالدىراش ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى: "بۇنداق قاۋۇل كىشى ئەگەر ئاللا يولىدا جىھادقا چىقسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!" دەپتۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال تۈزىتىش بېرىپ:" **ئۇنداق ئەمەس! ئەگەر ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بولسا، بۇمۇ ئاللا يولىدا جىھاد قىلغانغا باراۋەر. بىلىڭلاركى ھالال ئەمگىكى بىلەن ئائىلىسىدىكى ئۇرۇق-ئۇششاقلىرىنى بېقىشمۇ پەرزدۇر**" دېگەن. ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن بېيىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەردە ئۆز كەسپىنى سۆيۈشتەك ئالىيجاناب پەزىلەتنى يېتىلدۈردى.

**6. يېتىملەرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش.** يېتىملەر مەسىلىسى ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۇلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتتىن، روھىي جەھەتتىن، تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشقا ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى ساغلام يېتىلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ. بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياداڭغۇ بىر بالىنىڭ

قورۇنغان هالدا بىر توپ بالىنىڭ ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان، بۇ بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئانىسى، ئاچىسىنىڭ كېسەللىك، ئاچلىقلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ بالىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ، بۇ بالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن: **" سەن بىز بىلەن بىللە ياشاشقا، فاتىمەنى ئۆزەڭنىڭ ئاچىسى قاتارىدا كۆرۈشكە رازى بولامسەن؟"** دەپ سورىغان. بالا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى شۇ هامان ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغان، بۇ ئىشتىن كېيىن، رەسۇلۇللا ناهايىتى تەسىرلەنگەن هالدا: **" ئى كىشىلەر! يېتىملەرگە كۆيۈنمىگەن كىشىلەرگە ئاللاھمۇ كۆيۈنمەيدۇ، سىلەردىن كىمكى يېتىملەرگە مېھىر-شەپقەت باغلىسا، خۇددى ماڭا مېھىر-شەپقەت باغلىغان بولىدۇ، چۈنكى مەنمۇ بىر يېتىم"** دېگەن.

يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتەك ئەينى دەۋردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رەزىل قىلمىشلارغا قارىتا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن: **" يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزەڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال-مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر"** (4-سۈرە «نىسا»، 2-ئايەت). بۇ يەردە يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى ۋاقىتلىق ساقلاپ بېرىۋاتقان كىشىنىڭ، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى تولۇقى بىلەن شەرتسىز قايتۇرۇپ بېرىشى لازىملىقى تەكىتلىنىپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىشتەك گۇناھى قىلمىشلار قاتتىق ئەيىبلىنىپ: **"زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ"** (4-سۈرە «نىسا»، 10-ئايەت) دېيىلگەن. بۇ خىل كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كىشىلەردە يېتىملەرنىڭ تەن-سالامەتلىكى ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە كۆيۈنۈش، هامىي بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن.

**7. ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، دۇنيا تىنچلىقىغا ئىنتىلىش.** «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۈممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللا (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇپپارلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (ئاللا) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 213-ئايەت). ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ هاجىتىدىن چىقسا، ئاللا ئۇنىڭ هاجىتىدىن چىقىدۇ"**. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىشىنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى دەپ قارىغان. سۇلايمان ئىبنى سولود رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر قېتىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككى كىشىنىڭ كىچىككىنە بىر ئىش تۇغرۇلۇق جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ: **"قانداق سۆزنىڭ سىلەرنىڭ ئوتتۇرۇڭلاردىكى ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر، بۇ بولسىمۇ 'ئى ئاللا! شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغايسەن' دېمەكلىكتۇر"** دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆتۈلمىگەن

ئۆلۈم، يارىلىنىشنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پىچاق، شەمشەرلەرنى باشقىلارغا خالىغىنىچە تەڭلەشنى قاتتىق مەنئى قىلغان. ئوقبەنىڭ قىزى ئۇممۇگۇلسۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " **كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، يارىشىشقا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلغان ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ** ".

ئىسلام دىنى تېنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: " **قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىلىرى ئىلىم سۇسلىشىپ كېتىش، جەڭگە-جېدەل كۆپىيىپ كېتىش، ئىنسانلار ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئاۋۇپ كېتىشتۇر** " دېگەن. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمانلارنى تىنچلىقنى تەرغىب قىلىشنى پەرز دەپ بىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چاقىرغان. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: " **ئات مىنگەنلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىڭلار، پىيادىلەر ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىڭلار، ئاز سانلىقىڭلار كۆپ سانلىقىڭلارغا سالام بېرىڭلار** " دېگەن. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆپ قېتىم نارەسىدە بالىلارغا سالام قىلغان.

ئىسلام دىنىدا، ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكىلەر پەقەت مۇسۇلمانلارنى دۈشمەن دەپ سانىمىسىلا، ئۇرۇش مەزگىلى بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال-مۇلكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر توپ مۇسۇلمان ئەسكەرلەر مۇسۇلمانلارغا سالام قىلغان باشقا دىندىكى بىر قويچىنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى بۆلۈشۈۋالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى ئۇقۇپ ئىش تېرىغانلارنى قاتتىق جازالايدۇ ۋە بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلەيدۇ ھەمدە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ خىل تىنچلىق ئىدىيىسى مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىقنى قىزغىن سۆيۈشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگەن.

"ئىمان ۋاجىپلىرى" مەنىۋى ئېتىقاد بىلەن ئىجتىمائىي خەير-ئېھساننى زىچ بىرلەشتۈرگەن شەرتلىك مېخانىزم بولۇش سۈپىتى بىلەن، "ئېتىقاد بىلەن خەير-ئېھسان"نىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ بىرلىشىشىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، دىنىي جەمئىيەتتىن ئايرىپ قويىدىغان روھانىزملىق خاتا يۈزلىنىشنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيەتچان، ھەر ئىككى دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىق ئىسلاھاتىنى ئاكتىپ بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئېتىقادنى غايەت زور كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا ئۇنى خەير-ساخاۋەت قىلىش شەكلى بىلەن تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى. "ئىمان ۋاجىپلىرى" بىلەن "ئىمان ھۆكۈملىرى" (ئەھكامۇل ئىمان) نىڭ پەرقى شۇ يەردىكى: "ئىمان ھۆكۈملىرى" "ئىمان ئاگاھلاندۇرۇشى"نى تۈپ پرىنسىپ قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا قانداق ئىشلارنى قىلماسلىقنىڭ لازىملىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ؛ "ئىمان ۋاجىپلىرى" بولسا "ئىمان ئەمەلىيىتى"نى تۈپ مىزان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى روھىيىتىنى يېڭى بىر ئالىيجاناب مەنزىلگە باشلاپ كىرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئەدەب-ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، غەربنىڭ نۇرغۇن ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئېلىپ كىرىلدى، بەزى كىشىلەر "بازار ئىگىلىكى، تاۋار سودىسى"نىڭ مەنىسىنى خاتا (ئاخىرى 25-بەتتە)

# ئىسلام دىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

□ ئەنۋەر ھەق

ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق مىزانى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بولۇپمۇ ھەر خىل گۈزەل ئەخلاقلارغا ئۈندەيدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بارلىق يامان قىلمىشلارنى چەكلەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق مىزانى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ تەربىيە-نەسىھەتلىرىگە ئاساسلىنىدۇ.

**1. «قۇرئان كەرىم»دىكى تەربىيە-نەسىھەتلەر:**

**بىرىنچى**، كىشىلەردىن ھەق يول تۇتۇشنى، ئۆزلىرىنى توغرىلاشنى، ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەق يول تۇتۇش دېگەنلىك كىشىلەرنىڭ ئاللا ئىنسانلار ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلەر بويىچە توغرا يولدا مېڭىپ، ھەق يوللۇق ۋە يامان ئىللەتلەردىن خالىيلىق دەرىجىسىگە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەق يول تۇتۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق تەرەققىياتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ خىل ئىدىيە مىللەت ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىكەن، مىللەت گۈللىنىپ راۋاج تاپىدۇ، جەمئىيەت تىنچ-ئامانلىققا ئېرىشىدۇ. ئۆزىنى توغرىلاش دېگەنلىك—ئۆز ۋۇجۇدىنى توغرىلاش دېگەنلىكتۇر؛ ئۆزىنى توغرىلاش ۋە ئۆزىنى پاك تۇتۇش كىشىلەردىن مەينەتچىلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئالىيجانابلىق مەنزىلىگە قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنى كۆپچىلىك ئىچىدە ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىززەت-ئىكرامدىن بەھرىمەن قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۈچ خىل گۈزەل ئەخلاق كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالىدىغانلا بولسا، گۇناھقا پاتقان كىشىلەرنى گۈزەل ھاياتقا باشلاپ، ئۇلارنى يامان كۈچلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن تەۋرىنىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

**ئىككىنچى**، كىشىلەردىن خەير-ساخاۋەتچان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەير-ساخاۋەت قىلىش دېگەنلىك بارلىق ئالىيجاناب ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ پۇل-مال سەدىقە قىلىپ، كەمبەغەل-ئاجىزلارنى ۋە بالا-قازاغا ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزۇپ، باشقىلارنى غەم-ئەندىشىدىن خالاس قىلىش؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرغىب قىلغان دىنغا ئەمەل قىلىپ، چىداملىق، ئەپۇچان بولۇش، ئاتا-ئانىلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا، يېتىم-يېسىرلارغا، غېرىب-غۇرۋالارغا، يېقىن-يىراق قوشنىلارغا، ساۋاقداشلارغا، كەسىپداشلارغا، مۇساپىرلار (يولۇچىلار)غا، قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە شۇلارغا ئوخشاشلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە خەير-ساخاۋەت قىلىش مۆمىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي پەزىلەت دەپ بەلگىلەنگەن، خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىلارغا "تېخىمۇ ياخشى ساۋاب" ۋە ئاخىرەتتە ئەمىنلىك ئاتا قىلىدىغانلىقى ۋەدە قىلىنغان.

**ئۈچىنچى**، كىشىلەردىن تەقۋادار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان قىلمىشلاردىن ساقلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەقۋادارلىق بىر خىل گۈزەل پەزىلەتتۇر. ئۇ ئادىل بولۇش، ئەپۇچان بولۇش، باشقىلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇۋالماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، تەقۋادارلىق كىشىلەرنى ئاخىرەتتە غايەت زور ئىلتىپات ۋە چەكسىز بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ دۇنيادىمۇ كىشىلەرنىڭ جىددىي

مۇناسىۋەتلىرىنى پەسەيتىپ، قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ھەممە ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ. ئازغۇنلۇقتا تولغان بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىيالايدىغان قىلىپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە توغرا چىقىش يولى تېپىپ بېرىدۇ.

تۆتىنچى، كىشىلەردىن چىدامىلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى كىشىلەرنىڭ چىدامىلىق ئىرادىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، چىدامىلىق بولۇش بىر خىل مەنىۋى كۈچ؛ بارلىق گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى ۋە تۈپ نېگىزى؛ بۇنداق گۈزەل پەزىلەتكە ئىگە بولغاندا، ئازابلانغان كۆڭۈللەرگە تەسەللىي بەرگىلى، دەرد-ئەلەملىك ھېسسىياتلارغا شىپالىق ئاتا قىلغىلى، تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، كىشىلەردىن ئەپۇچان بولۇش، راستچىل بولۇش، ئادىل بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆز مەنپەئىتىدىن كېچىپ باشقىلارنى ئويلاش، ياخشى دوست تۇتۇش، ئەدەب-قائىدىلەرگە دىققەت قىلىش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئالتىنچى، كىشىلەردىن نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشكە، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا قارشى تۇرۇشنى، قىمار ئويناش، زىنا (بۇزۇقچىلىق) قىلىش، يالغان سۆزلەش (ساداقەتسىزلىك، يالغان گۇۋاھ بولۇش، تۆھمەت قىلىش، چېقىمچىلىق قىلىش قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە)، مەسخىرە قىلىش، گەپ-سۆز چېقىۋېلىش، باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش، يامان نىيەت بىلەن گۇمانلىنىش، باشقىلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى تىڭتىڭلاش ۋە تارقىتىش، ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىش، چېچىلىپ قايناش، ھەسەتخورلۇق قىلىش، تەلۋىلەرچە سۆزلەش قاتارلىقلارنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىللەتلەر بولۇپ، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارغا زىيىنىلا باركى، ھېچ پايدىسى يوق، دەپ قارايدۇ.

**2. ھەدىس شەرىپتىكى تەربىيە ئەسەھەتلەر:**

بىرىنچى، كىشىلەردىن قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى ئىشلارنى چوڭ گۇناھى قىلمىشلار دېگەن: 1) ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش؛ 2) پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈش؛ 3) يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىش؛ 4) ئايالارنىڭ نومۇسىغا تېگىش؛ 5) ساختا گۇۋاھلىق بېرىش؛ 6) بۇلاڭچىلىق قىلىش. بۇ گۇناھلارنى ئاللا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. رەسۇلۇللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" **ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بار، كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى تەرك ئەتسە، ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق ئىشلارنى تېخىمۇ تەرك ئېتىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى گۇمانلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن، گۇناھ ئىشلار ئاللانىڭ چارگاھىدۇر، چارگاھ ئەتراپىدا ئوتلىغان مالنىڭ چارگاھقا كىرىپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئىنسان بەدىنىدە شۇنداق بىر پارچە گۆش باركى، ئەگەر ئۇ ياخشىلىققا مايىل بولىدىكەن، پۈتۈن ۋۇجۇد ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشىلىققا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يامانلىققا مايىل بولىدىكەن، پۈتۈن ۋۇجۇد ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يامانلىققا يۈزلىنىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ—يۈرەكتۇر**". مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" **مەن چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ قۇربى يەتسە، چوقۇم بەجا كەلتۈرۈڭلار**". ئۇ يەنە "**ئۆزۈڭلار گۇمانلانغان ئىشلارنى قىلماڭلار، ئۆزۈڭلار گۇمانلانمىغان ئىشلارنى قىلىڭلار**" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: " **ئۆزى مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر**" دېگەن.

ئىككىنچى، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، مېھمانلارنى ئىززەتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن. كىمكى ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن." ئۇ يەنە: "مەيلى قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر سىلەرگە يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار" دېگەن.

ئۈچىنچى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. رەسۇلۇللا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق، ھەر كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىنىلا ئالىدۇ". "دىن — ساداقەت دېمەكتۇر"، "مۇسۇلمان سەركەردىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ جامائەسىگە سادىق بولۇڭلار". ئۇ يەنە: "ياخشى ئىشتىن بىرنى بەجا كەلتۈرۈش سەدىقە بېرىش جۈملىسىدىندۇر، يامان ئىشتىن بىرنى توسۇشمۇ سەدىقە بېرىش جۈملىسىدىندۇر"، "ياخشى سۆزمۇ سەدىقىدۇر"، "يوللاردىكى توسالغۇلارنى ئېلىۋېتىشمۇ سەدىقە جۈملىسىدىندۇر" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھەققانىيەت دېمەكلىكنىڭ ئۆزى ئالىيجاناب پەزىلەتتۇر، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ئىككىلەندۈرۈپ ئارامدا قويمىغان نەرسە گۇناھتۇر، بىراق سىلەر يەنە باشقىلارنىڭ ئۇنى سىزنىۋېلىشىنى ياقتۇرمايسىلەر". ئۇ: "يۈرىكىڭلارنى تۇتۇپ بېقىڭلار، ھەققانىيەت ۋۇجۇدۇڭلار ۋە روھىڭلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىشتۇر، گۇناھ بولسا، ۋۇجۇدۇڭلار ۋە قەلبىڭلارنى ئارامسىزلاندۇرۇپ، كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشتۇر" دېگەن. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە: "خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك سەدىقە گۇناھنى يېيدۇ" دېگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى رېئال جەمئىيەتتىكى كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەدەب-ئەخلاق جەھەتتىكى ئىدىيىۋى تەربىيىسى ۋە تەربىيىلىنىشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

مەلۇم بىر ئالىم، دىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇددەت ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ئامىللارنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دىنىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى پەقەت سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پەلسەپە، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئەدەبىيات، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان پەنلەر، ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرى، ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىزچىللىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن دىنىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ۋە ئەمەلىي رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ "ئىلاھىيەت يولى" بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى قوللىنىلغان. دىنىدىمۇ سىياسىغا قارىتا ئېنىق تونۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، "سۇلتانغا باقمىساڭ، دىنىي ئىشلارنى قىلماق تەس" دېگەن كۆز قاراشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاڭلىق ھالدا پۈتۈن خەلق ئاممىسىغا سىڭدۈرگەن. سىياسىي بىلەن دىنىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلىشى تارىختا ھەر دائىم جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئامانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، دىن بىلەن سىياسىينىڭ قارىمۇقارشىلىشىپ، توقۇنۇشۇپ قېلىشى پاراكەندىچىلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن دېرەك بېرىپ كەلگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرى قەدىمىي مەدەنىي مىللەتلەردۇر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىن ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئاجايىپ چۈشىنىش قابىلىيىتى ۋە پاراسەتلىك ئىجادىي كۈچىنى ئىپادىلەپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق تەلەپلەرنى (ئاخىرى 29-بەتتە)

# ئىمان ۋە تەپەككۇر

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەت

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى ۋە رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىلەن ئىنسانلار مايىللىقىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ يىمىرىلمەس، ھەقىقىي ئىلاھىي بېشارەت ئىكەنلىكىنى ۋە ساغلام، ئەۋزەل، يېتۈك دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-مەرىپەت ۋە پىكىر-تەپەككۇرنى تەرغىب قىلىدىغان ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا رېئاللىققا ئۇيغۇن ھەم ئىنسانلار ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق قىلىنىپ 23 يىل جەريانىدا تەدرىجىي نازىل قىلىنىشى ۋە تارقىتىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ شەيئىلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان، رېئاللىققا تولۇق ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىماننى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

ئىماننىڭ ئىسلام دىنىدا يۈكسەك دەرىجىگە ۋە ئۇلۇغ مەقامغا ئىگە بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرى ۋە روھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىسلام دىنىنى چۈشەنمەكچى ۋە ئۇنىڭغا كىرمەكچى بولغان ھەرقانداق شەخس تەبىئىي ھالدا ئىماندىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئېتىقادنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىسلام دىنىغا كىرىشتىكى دەسلەپكى قەدەم بولغان بۇ خىل ئىلاھىي، ئېتىقادىي ھالەت ئاشۇ شەخسنى ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا، ئىزدىنىشكە ئۈندەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە تەپەككۇرنى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، يۈزەلىكتىن چوڭقۇرلۇققا ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش تەلەپ قىلىنغان. **”ئۇلار قارىمامدۇكى: تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى، ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى، تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى، زېمىن قانداق يېيىلدى“** (88-سۈرە «غاشىيە»، 17—20-ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەردە ھەم «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلىرىدە كەلگەن ”نەزەر“ سۆزى ئەرەب تىلىدا ئاساسەن ”قارىماق“، ”تەپەككۇر قىلماق“ دېگەن ئىككى خىل مەنىدە كېلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ سۆز ”بىرەر شەيئىگە ئاۋۋال كۆزى بىلەن قارىماق، ئاندىن ئۇنىڭغا تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قارىماق“ دەپ ئىزاھلانغان چاغدا، ئۇنى تەپەككۇرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى—قاراش، كېيىنكى باسقۇچى—قارىغان، كۆرگەن ئاشۇ شەيئى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىلىشنى قاتلاممۇقاتلام چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئايەتلەردە ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىمان (ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش)نىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىنى جانلىق خىتاب سوئاللىرى بىلەن روشەن ھالدا دەلىللەپ، ئىنسانلارنى تۆگىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، تۆگىدىكى

جاسارەت، كۈچ-قۇۋۋەتكە، ئۇنىڭ ئاشۇنداق چوڭ ھەم كۈچلۈك بولىشى، ھەرقانداق ئاجىز، قېرى ھەتتا كىچىك بالا يېتىلىشى ماڭىدىغان مۇلايىملىق خۇسۇسىيىتىگە، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىشتەك چىدامچانلىقىغا، ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان مىنىش، يۈك ئارتىش، گۆشىنى يېيىش، سۈتلىرىنى ئىچىشتىن ئىبارەت تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىگە نەزەر قىلىشقا، ئاسماننىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىغا، ئاللاتائالانىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز سىستېمىلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان قائىدە-قانۇنىيەتلىك قىلىپ ياراتقانلىقىغا، تاغلارنى زېمىنغا تەۋرەنمەيدىغان تەكچۈك ھالەتتە پۇختا قىلىپ تۇرغۇزغانلىقىغا، زېمىننى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياخشى مۇھىت بىلەن بېپايان، مۇنبەت قىلىپ ياراتقانلىقىغا نەزەر قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

بۇ خىل، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى تۈنجى باسقۇچتىكى ئاددىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، يۇقىرى بىلىم ۋە چوڭقۇر زېھنىي قابىلىيەت تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى تۆگە، ئاسمان، تاغ ۋە زېمىن قاتارلىق نەرسىلەر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا داۋاملىق نامايان بولۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى، كىم تەرەپتىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئويلىنىپ بېقىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاتائالانىڭ تۆگە، ئاسمان، تاغ ۋە زېمىن قاتارلىقلارنى ئالاھىدە زىكرى قىلىشىدىكى ھېكمەت شۇكى: «قۇرئان كەرىم» دەسلەپتە ئەرەبلەرگە ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە چۆل-جەزىرىلەردە سەپەر قىلاتتى. ئىنسانلاردا شۇنداق بىر ھالەت مەۋجۇتكى، ئۇ شەھەر-بازارلاردىن، يېزا-قىشلاقلاردىن ئايرىلىپ چۆللەرگە كىرگەندە، ھەر خىل ئويلارنى ئويلاپ، تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كۆزىگە تۈنجى چېلىقىدىغىنى ئۆزىنىڭ مىنگەن تۆگىسى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىدۇ، ئۈستىگە قارىسا ئاسماننى كۆرىدۇ، ئىككى يېنىغا قارىسا تاغلارنى كۆرىدۇ، ئاستىغا قارىسا يەرنى كۆرىدۇ. بۇ ھال ئىنساننى ئاشۇ نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە زىكرى قىلىنغان تۆگە، ئاسمان، تاغ، زېمىن قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە يەنىمۇ ئىزدەنگەندە، ئاشۇ نەرسىلەرنى ئاناتومىيە، بىئولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، گېئولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈنلەر ئاساسىدا ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، ئاشۇ شەيئىلەردىكى تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلەرنى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەرنى، قۇرۇلمىلارنى، مۇناسىۋەتلەرنى كىمنىڭ ئاتا قىلغانلىقى، كىمنىڭ بىكىتكەنلىكى، كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقى توغرىسىدا قىلىنغان چوڭقۇر تەپەككۇر ئىمانىمىزنى قاتائەتلىنەرلىك دەلىللەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە يۇقىرىقى ئايەتلەردىن باشقا يەنە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە قىلىنغان ئىشارەتلەر ئاز ئەمەس. **"ئۇلارغا بىز تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە (ئاسمان-زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز"** (41-سۈرە «فۇسسىلەت»، 53-ئايەت). **"بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ** (يەنى بەچچىدان)دا **(جايلاشقان) ئابمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابمەننى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر**

**ياراتقۇچى ئاللا (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر"** (23-سۈرە «مۆئمىنۇن»، 12—14-ئايەتلەر) دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش كائىنات ئىلمى ۋە تەبىئەت پەنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ بىزنى بارلىق تەبىئىي پەنلەرنى زور ئىجتىھاد بىلەن ئۆگىنىشكە چاقىردۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ تىل قۇرۇلمىسى، تىل ئالاھىدىلىكى، بالاغەت ۋە پاساھىتى بىزنى تىل-ئەدەبىيات، ئىستىلىستىكا، لوگىكا قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرسا، «قۇرئان كەرىم» دىكى قىسسەلەر بىزنى تارىخ، ئارخېئولوگىيە پەنلىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىردۇ.

يۇقىرىقىدەك پەنلەر نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى—مۇرەككەپ تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى بىلىم ۋە چوڭقۇر زېھنىي قابىلىيەت تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بارلىق مەخلۇقات-مەۋجۇداتلارنىڭ سىر-ئەسرارى پەقەت قاراپ قويۇش بىلەنلا ئېچىلماستىن، بەلكى قاتتىق ئىجتىھاتلار، چوڭقۇر ئىزدىنىشلەر ۋە ئۇزاق زامان كۆزىتىشلەر ئارقىلىق تەدرىجىي ئېچىلىپ بارىدۇ.

ھەرقانداق ساغلام ئادەم تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. تەپەككۇر بولسىلا ئىمان بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما ئىماننىڭ بارلىقى تەپەككۇرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىمان ئۈچۈن تەپەككۇر شەرتتۇر. لېكىن تەپەككۇر ئۈچۈن ئىمان شەرت ئەمەس. تەپەككۇر ئۈچۈن ئىمان شەرت بولسا ئىدى، بىرمۇ غەيرىي مۇسۇلمان بولمىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئىماننى تەكىتلەشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقلىي ئىقتىدارى بولمىغان مەجنۇن ئادەمدىن ئىمان ئېيتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەپەككۇرى يوق. دېمەك، تەپەككۇر ئىمانغا شەرت بولغان ئىكەن، تەپەككۇر ئۆزىنىڭ ئاددىي ياكى چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئىماننىڭ كەم ياكى زىيادە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاللاتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ"** (58-سۈرە «مۇجادەلە»، 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). **"ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ"** (39-سۈرە «زۇمەر»، 9-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بىز تەپەككۇرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىمانىمىزنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ھاياتىي دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت (ئاخىرەت) نىڭ مۇقەددىمىسىنى ناھايىتى پۇختا ئاساسلار بىلەن باشلىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

(بېشى 19-بەتتە)

چۈشىنىۋېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنى قىپيالىڭاچ پۇل-مال مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، پۇل تېپىش كويىدا قانۇن-تۈزۈمنى كۆزگە ئىلماي، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، ساختىپەزلىك بىلەن كىشىلەرنى ئالدىماقتا، بۇ ئىشلارغا ئىجتىمائىي ئەخلاق يول قويمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قانداق ئاتلىنىشىدا، "ئىمان ۋاجىپلىرى"، شۈبھىسىزكى، پايدىلىق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتلىق كېمىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ توختاۋسىز ھالدا ئۆز-ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان بەخت قىرغىقىغا يەتكۈزىدۇ.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# ئىسلام دىنىدىكى خەير-ئېھسان توغرىسىدا

□ قۇربانجان يۇسۇپ

ئىسلام دىنىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە مۇسۇلمانلارنى دائىم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ، بولۇپمۇ كەمبەغەل-مىسكىن، بىچارىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە نۇرغۇنلىغان بەلگىلىمىلەر، تەرتىپ-تۈزۈملەر بار. شۇڭا بىز كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلماقچى بولغىنىمىزدا، بىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھەقىقىي ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى ھەم ئۆز جايىدا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز خەير-ئېھسان دائىرىسىگە كىرىپ، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئىش بولىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە مۇنداق دەپ يوليورۇق بەرگەن: **”ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار“** (5-سۈرە «مائىدە»، 2-ئايەت). بىز بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى، بىز كىشىلەرگە ياردەملەشمەكچى بولغاندا، ياردەم بەرمەكچى بولغان ئىشىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ياردەم بېرىشكە لايىق كىشىلەرگە ياردەم بېرىشىمىز، ھەمكارلىشىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ھەمكارلىشىشىمىز، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىم ياكى ھەمكارلاشتىم دەپ ياردەم ئېلىشقا سالاھىيىتى يوق كىشىلەرگە يامان ئىشلار ئۈستىدە ھەمكارلىشىپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: **”ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئانىڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىڭىزدىكى ھەمراھىڭىزغا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللا مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ“** (4-سۈرە «نىسا»، 36-ئايەت). يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاتائالا ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. لېكىن بۇنىڭدىكى بىرىنچى شەرت ئالدى بىلەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاتائالانى بارلىق سۈپەتلىرى بىلەن تولۇق ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۆز لايىقىدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنداش، ياندۇرغان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندا، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ بىزگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ شەرتنى تولۇق ھازىرلىماي تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا مەلۇم دەرىجىدە ئەسقاتىدۇ، ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ، چۈنكى ئاللاتائالانىڭ بۇ دۇنياغا نىسبەتەن رەھمىتى ئورتاق بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيا، ئاخىرەتتە نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن چوقۇم ئاللاتائالاغا بولغان ئىمانىمىز ساپ بولۇشى ھەم ئەمەلىي ئىبادەتلىرىمىز ئارقىلىق دىلىمىزدىكى ئىماننى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى بۇ دۇنيا، ئاخىرەتتە تەڭ كۆرەلەيمىز ھەم ئۆزىمىزدە ئادەم بالىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانلىق غۇرۇرىمىزنى تۇرغۇزالايمىز. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **”جەمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ**

پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز" (1-سۈرە «فاتىھە»، 2—5-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىزنىڭ ئاللاتائالاغا بولغان ئىمانىمىز كامىل بولسىلا، ئۇنىڭ ناھايىتى رەھىملىك ۋە شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەم ئاخىرەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىپ، ھەم شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىپ، ھەرقانداق قىيىن ئەھۋاللاردا ئۇنىڭدىنلا ياردەم تەلەپ قىلىپ، باشقا ھېچقانداق ئىنسانغا يېلىنماي، ئۆز غۇرۇرىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز ھەم ئىنسانلىق غۇرۇرىمىزغا تېگىدىغان بەزى ئىشلاردىن خالىي بولالايمىز. ھەقىقىي ئىمانى بار كىشىنىڭ ئېڭىدا ئاللاتائالا ياراتقان بىر مەخلۇقنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى باشقا كىشىلەردىن ياردەم تەمە قىلماي، پەقەت ئاللاتائالاغىلا ئىلتىجا قىلىپ ياردەم سوراش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. مەن بۇ يەردە ئاللاتائالا ئالدىنقى ئايەتتە بايان قىلغان ياخشىلىق قىلىش زۆرۈر بولغان سەككىز خىلدىكى كىشىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

**1) ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش:**

ئاتا-ئانا بولسا، بالىسىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق ھەم ئەرزىيدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىككىسى بالىسى تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، قۇرامىغا يېتىپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ھەم ئۇلار ئىككىسى بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى، جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ، كۆپلەپ بەدەل تۆلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارغا دىنىمىزغا خىلاپ بولمىغان توغرا ئىشلاردا بويسۇنۇشىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز، كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى، سۆزلەرنى كۆپلەپ قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

**2) خىش-ئەقرىبالارغا (ئۇرۇق-تۇغقانلارغا) ياخشىلىق قىلىش:**

ئۇرۇق-تۇغقانلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىزدىن كېيىنلا بىزگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ نام-شۆھرىتىمىزگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەم مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تۇغقانلار ئارا ھەر جەھەتتىن ھەمكارلىشىش، بېرىش-كېلىش قىلىش، ئۆزئارا يوقلىشىپ تۇرۇش كېرەك.

**3) يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىش:**

يېتىم-يېسىرلار بولسا، ياش قۇرامىغا يېتىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىلار بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ۋاقىتتا سىستېمىلىق بىر تەربىيىلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا شارائىتى بار كىشىلەر بۇ بالىلار ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك دەرىجىگە بېرىۋالغۇچە ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشى، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشىغا يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ بالىلار تاشلىنىپ كەتسە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان يامان ئەخلاقلىق كىشىلەر قاتارىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

**4) مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىش:**

مىسكىنلەر بولسا، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىغا لازىملىق ماددىي ئەشيالارغا ئىگە بولالمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى—قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ تۇرمۇشىدا يەنىلا مىسكىنلىك دەرىجىدە تۇرىدىغان كىشىلەر. بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ماددىي ئەشيالار بىلەن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېرەك. يەنە بىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن ئىشلىمەي-تىرىشماي مىسكىنلىك ھالىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ

خىلدىكى كىشىلەرگە ئەڭ ياخشىسى مەنىۋى جەھەتتىن يول كۆرسىتىپ، مىسكىنلىكتىن قۇتۇلۇشىنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش كېرەك.

**5) قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش:**

قوشنىلار ئارا ياخشى ئۆتۈش كېرەك. ئۇلار مەيلى تۇغقانلاردىن بولسۇن ياكى ياتلاردىن بولسۇن، ئۆز مىللىتىدىن بولسۇن ياكى يات مىللەتتىن بولسۇن، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چىقىشىپ، ئۆزئارا ئارىلىشىپ، تاسادىپىي ئىشلاردا ھەمدەمدە بولۇشۇپ ئۆتۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئادەم ئۆزىگە خاتىرجەم، تىنچ، ئىناق تۇرمۇش مۇھىتى يارىتالايدۇ.

**6) ھەمراھ (ساۋاقداش، سەپەرداش) قا ياخشىلىق قىلىش:**

ئۇلار سەپەر قىلىش ياكى ئوقۇش جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەل-يۇرتىدىن ئايرىلغان، ئۇرۇق-تۇغقانلار يىراقتا قالغان ئەھۋال ئىچىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا موھتاج.

**7) مۇساپىرلار (سەرگەردانلار) غا ياخشىلىق قىلىش:**

ئۇلار يول ئۈستىدە ئۆز مال-دۇنيالىرىدىن ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىپ قالغان يولۇچىلار بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئۆز مال-دۇنياسىنى قولىغا ئېلىۋالغۇچە ياكى يۇرتىغا بېرىۋالغۇچە ئۇلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەمدە بولۇش كېرەك.

**8) قول-چۆرىلەرگە (قول ئاستىدىكى خادىملارغا) ياخشىلىق قىلىش:**

ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز قول ئاستىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا ھەر جەھەتتىن ئادىللىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشى، ھەرگىز قاتتىق قوللۇق قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى قولۇمدىن كەلدى دەپ خالىغانچە خارلاشقا بولمايدۇ.

دېمەك، بىز ياخشىلىق قىلىشتا، ئاتا-ئانىدىن باشلاپ بۇ دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگە ۋە باشقا جانلىق نەرسىلەرگە قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولۇشىمىز كېرەك. ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق بولۇپ، ئادەتتە كىشىنى خۇش قىلىدىغان بىر ئېغىز سۆزنى قىلساقمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "**ياخشى سۆزمۇ سەدىقە بولىدۇ.**" يەنە مۇنداق دېگەن: "**سەن ياخشى ئىشلار قاتارىدا بولغان ھەرقانداق بىر ئىشنى كىچىك سانىما، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم چىرايىڭنى كۆرسەتسەڭمۇ كۇپايە.**" ۋە يەنە مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: "**كىمكى بىر كىشىنى ياخشى بىر ئىشقا باشلاپ قويسا، ئۇ كىشىگە ئاشۇ ياخشى ئىشنى قىلغان كىشىگە ئوخشاش ئەجىر-ساۋاب بېرىلىدۇ**". دېمەك، بۇ ھەدىسلەردىن بىز ياخشىلىقنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكىنى، چېكىنىڭ يوقلۇقىنى، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئىنسانلار قەلبىدىكى ساپ ئەقىدە، ساپ نىيەت ۋە سەممىيەتلىكتىن چىقىدىغانلىقىنى ھەتتا قولىمىزدىن ياخشىلىق كەلمىسە، باشقىلارغا يامانلىق يەتكۈزمىسەكمۇ، دەل شۇنىڭ ياخشى ئىش بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بىز بۇ دۇنيادا تۈرى چەكسىز بولغان ياخشى ئىشلارنى قىلغىنىمىزدا، بۇ ئىشلارنىڭ ھوسۇلىنى، مېۋىسىنى ۋە نەتىجىسىنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

ئاللاتائالانىڭ بۇ تەبىئەت دۇنياسىغا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ھەربىر شەيئىنىڭ، جۈملىدىن ھەربىر ئىنساننىڭ شانلىق ۋە خارابلىق دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى مۇقەررەر. شۇڭا بىز ھەرقانداق بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساق ئارقىدىن مىننەت قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ئابرۇيىغا، غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشتىن، بولۇپمۇ "مەن پالانى كىشىگە ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق-مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن، بۈگۈنكى كۈندە ھال كىرىپ بىزنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالدى" دېگەندەك گەپلەرنى

قىلىپ، قارشى تەرەپكە قاتتىق زەربە بېرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىزمۇ ئاشۇنداق قاتتىق كۈنلەرنى كۆرگەن ۋاقىتلاردا باشقىلار تەرەپتىن ياردەم قىلىنغانلىقىمىزنى، خۇددى ئاشۇ كىشىلەرگە ئوخشاش قىيىنچىلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ھەرگىزمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا دائىم بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز، شۇڭا ئاقىلانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ھەرقانداق گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەردىن خالىي بولۇشىمىز كېرەك. بىزگە ئاللاتائالا بۇ ھەقتە كۆپ يولىيورۇقلارنى بەرگەن: **"پۇل-مېلىنى ئاللا يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير-ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللا (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئى مۆمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى(نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 262—264-ئايەتلەر). بىز بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ياخشى ئىش قىلىپ قويۇپ، كەينىدىن مىننەت قىلىشنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بىكار قىلىپ، ئەجىر-ساۋابىنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايمىز، شۇنداقلا بىز يەنە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاللاتائالا بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەملىرىنى، پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ دىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئىنسانلار مۇشۇ تۈزۈم، مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە ماڭىدىغانلا بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناق، دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇھىتى ئىچىدىكى نەمۇنە جەمئىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

**(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى خادىمى
ماقالىنى ئۆزگەرتىپ تولۇقلىغۇچى: مۆھتەرەم ھاجى
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

---

(بېشى 22-بەتتە) ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇۋەپپەق قىلدى.

دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ھېسسىيات شۇنداقلا بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ھېسسىيات بىلەن ماسلاشقان دىنىي مۇراسىم ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى رېئال مەۋجۇدىيەت. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆزگەرمەيدىغان تۈپ سىياسىتى. جۇڭگودا ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان دىنلار بار، ھازىرقى باسقۇچتا ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن بىردەك بولماقتا. ئەمەلىيەتتە، ھەرقايسى دىنلار مۇخلىسلارنىڭ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا "ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر" دەپ تەلىم بېرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇچراشقاندا، تونۇش بولمىسىمۇ "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دېگەن بىر ئېغىز سۆز ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىپادىلەيدۇ، پاكىتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يولغا قويۇۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

**(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي سېھرىي كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا

□ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

«قۇرئان كەرىم» چەكسىز مەنىگە ئىگە ئىلاھىي كىتاب، ئۇ ئۆزىگە سىغدۇرغان مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، موللۇقى بىلەن ئىنسانىيەت تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاجايىپ سىرلىق قىممەتنى ياراتتى. ئۇنىڭدىكى مۆجىزە شۇكى، ئىنسانىيەت تا ھازىرغىچە ھەرقانداق ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش يەنە بىر كىتابنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى، گەرچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنغىنىغا 1400 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتى يەنىلا يۈكسەك، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردىن پەرقلىنىدۇ، كىشىلەرگە ھەرقاچان سېھرىي كۈچ بېغىشلايدۇ. شۇڭا گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى گېيوتى مۇنداق دېگەن: "«قۇرئان كەرىم» ئوقۇغانچە ئوقۇغۇسى كېلىدىغان، ھەر قېتىم ئوقۇغاندا يېڭىدىن-يېڭى مەنە پەيدا قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە".

«قۇرئان كەرىم» نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، ئۇ دىن، پەلسەپە، تارىخ، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، سىياسىي، مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئەخلاق، قانۇنچىلىق، مېدىتسىنا... جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆزىدە نامايان قىلغۇچى ئىلاھىي قامۇس، ئۇنىڭ ھەربىر مەزمۇنى چەكسىز تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە چوڭقۇر تېمىلاردۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ پاساھەتلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ جانلىق ۋە يۇقىرى ماھارەتلىكلىكى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەك. مول بىلىم، بېشارەت ۋە ئەدەبىي سېھرىي كۈچكە تولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب دۇنياسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا ئۇلۇغلىنىشىدا ئۇنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىمۇ مۇھىم بىر ئامىلدۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ چەكسىز مەنە-مەزمۇنلىرى، مىسلىسىز ئەدەبىي سېھرىي كۈچى، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن باشقا ساماۋى كىتابلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەزمۇن ۋە ئۇنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ساماۋى كىتابى بولۇشقا ھەقلىق. شۇڭا ئالىملار «قۇرئان كەرىم»نى مەيلى مەزمۇن ياكى ئىپادىلەش جەھەتتىن بولسۇن تەقلىد قىلىپ يېزىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئەينى چاغدا، بىر قىسىم كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنى تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولغان، لېكىن ئۇنداق قىلالمىغان؛ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزى ئېنىق دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ: "**بەندىمىز (مۇھەممەدكە) بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا، ئاللادىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار، —ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر— كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار**" (27-سۈرە «بەقەرە»، 23—24-ئايەتلەر).

بولۇپمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن ھازىرقىدەك دەۋردىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىپادىلەش جەھەتتە ئازراق بولسىمۇ ئوخشىتىپ تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇمكىن

بولماسلىقىدىن ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان تەرجىمىلەر ئومۇمەن ھېسسىي چۈشەنچىلەر، يۈزەكى مەنىلەردىن ئىبارەت ياكى ئىزاھات خاراكتېرلىك نەرسىلەردۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 17-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»، 88-ئايىتىدە: "**ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ**" دەپ ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرەپتۇر.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشى ئالدى بىلەن ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى. «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئەرەب تىلى قەبىلە شېۋىلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئورتاق ئەدەبىي تىل بارلىققا كەلمىگەنىدى. ئالاقىدا چۈشىنىش قىيىن بولغان نۇرغۇن سۆزلەر مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب يېزىقىمۇ دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، مەنە ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ھەرپ-بەلگىلەر تېخى تۇراقلىشىپ كەتمىگەنىدى، يېزىقتا ئالاھىدە پۇختا بولمىغان كىشىلەر خەت يېزىش ۋە ئوقۇش دېگەندىن سۆز ئاچالمايتتى. گەرچە ئۇ دەۋر ئەرەب ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەن ئالتۇن دەۋر بولسىمۇ، خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى، پەقەت قەبىلە شائىرلىرىنىڭ ساددا، قوپال شېئىرلىرىلا ئەرەب ئەدەبىياتى زېمىنىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئەرەبلەر بۇ دەۋردە ھەقىقەتەن نامسىز ۋە ئەدەبىياتسىز بىر مىللەت ئىدى. ھالبۇكى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشى ئەرەبلەرنىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ۋە تىل-ئەدەبىياتىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق ماياك بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەرەب تىل-ئەدەبىياتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، ئەرەب ئەدەبىي تىلى بارلىققا كەلدى ھەم بىرلىككە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت ئورۇقى چېچىلغان ھەربىر زېمىنغىچە ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ بىردىنبىر، بۈيۈك، نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مەزمۇن، مەنە جەھەتتىكى چەكسىز سېھرىي كۈچى ۋە ئۇسلۇبتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان مۇقەددەس كىتابتۇر. ئۇ نوقۇل قاپىيىنى ئاساس قىلغان شېئىر ئەمەس ياكى ھېس تۇيغۇلار بايان قىلىنغان نەسىر ئەمەس ياكى ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان نۇتۇق تېكىستى ئەمەس، بەلكى كىشى قەلبىنى يورۇتىدىغان ھېكمەتلەر، ھېكايەت، قىسسىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان، تىلى ئېغىز تىلىغا يېقىن، ئىچكى رىتىمى كۈچلۈك ھەم ئاھاڭدارلىقى يۇقىرى بولغان يېگانە، يېتۈك ئەسەردۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇنچە مول، رەڭگارەڭ، تىلى شۇنداق گۈزەلكى، ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن بىرەر ساھەگە تەۋە قىلىپ قويۇشقا ياكى ئەدەبىي ژانىر جەھەتتىن بىرەر تۈرگە ئايرىغىلى بولمايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان چاغلاردا بىر قىسىم كىشىلەر: "(كاپىرلار قۇرئان سېھىردۇر دەپلا قالماستىن) 'بەلكى ئۇ (مۇھەممەدنىڭ) قالايمىقان چۈشلىرىدۇر، بەلكى ئۇنى ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇر، بەلكى ئۇ شائىردۇر'..." (21-سۈرە «ئەنبىيا»، 5-ئايەت) دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقان. بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق جاۋاب بار: "**ئۇنىڭغا** (يەنى پەيغەمبەرگە) **بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس**" (36-سۈرە «ياسىن»، 69-ئايەت). شۇنىسى ئېنىقكى، «قۇرئان كەرىم» نوقۇل شېئىرىي ئەسەر بولمىسىمۇ، لېكىن شېئىردىن ھالقىغان گۈزەللىكى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن ئەينى چاغنىڭ ئۆزىدىلا كىشىلەرگە كۈچلۈك شېئىرىي تۇيغۇ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ۋە تەپسىلىي توختىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدىكى شەخسلىك بايانلاردۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى شەخسلىك بايانلار ناھايىتى جانلىق، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، شەخسلىك بايان تىلى مەزمۇن ئېھتىياجىغا

ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمىي ئەسەرلەردە ئاساسەن كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسە. مىسال: "**(بىزگە يارلىق ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشقا ئۇرۇنغان) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق (يەنى شەيتانلار يۇلتۇزلاردىن چىققان شولا بىلەن ئېتىلىدۇ)، شەيتانلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىنى تەييارلىدۇق**" (67-سۈرە «مۇلك»، 5-ئايەت). "**(ئى مۇھەممەد!)، سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستىڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق، سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق.**" (94-سۈرە «ئىنشىراھ»، 1—4-ئايەتلەر).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ بىرىنچىسىدە ئاللاتائالا بىرىنچى شەخس (كۆپلۈك) نامىدا، ئىككىنچىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس نامىدا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللا نامىدا بەندىلەرگە يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاتائالانىڭ كالامى ئومۇمەن بىرىنچى شەخس (كۆپلۈك) تىلىدا كۆپرەك بايان قىلىنىدۇ.

"**(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن**" (1-سۈرە «فاتىھە»، 5—6-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللانى سېغىنىش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاللانى مەدھىيىلەش ۋە ئاللادىن مەدەت تىلەش ھېسسىياتى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەچكە، ئاللاتائالا بايان ئوبيېكتى بولغان ھەم ئىككىنچى شەخس نامىدا كەلگەن بۇ خىل شەخس نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن، ئەڭ سەمىمىي يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.

"**ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى**" (96-سۈرە «ئەلەق»، 2—4-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالا ئۈچىنچى شەخس نامىدا كەلگەن، بۇ خىل شەخسلىك بايان شەكلىمۇ «قۇرئان كەرىم»دە كۆپ ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى تۇنجى قوبۇل قىلغۇچى شەخس بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا بايان قىلىنغان، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس نامىدا (بايان ئوبيېكتى سۈپىتىدە) كۆپرەك ئېيتىلىدۇ: "**بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ**" (108-سۈرە «كەۋسەر»، 1—3-ئايەتلەر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللا نامىدىن سۆزلەرنى بايان قىلىشتا (كۆپىنچە دىئالوگلاردا) يەنە بىرىنچى شەخس نامىدىمۇ كېلىدۇ: "**ئۇلار 'ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ' دەيدۇ، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) ئاللانىڭ دەرگاھىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن**" (67-سۈرە «مۇلك»، 25—26-ئايەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەچكە، ئاللانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە، ئۇ يەنە نۇقتىلىق بايان ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئۈچىنچى شەخس نامىدىمۇ ئېيتىلغان، مەسىلەن: "**ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۇرۇش ئۈچۈنلا نازىل بولغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر**" (36-سۈرە «ياسىن»، 69—70-ئايەتلەر).

«قۇرئان كەرىم»دە بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

**(دەسلەپكى تەھرىرى: ئەنۋەر مۇھەممەد؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# نىكاھ قانۇنىغا ئائىلىق رىئايە قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرايلى

□ ياقۇپ ھەمدۇللا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ھۈجەيرىسى. جەمئىيەتنى كاتتا بىنا دېسەك، ئائىلە شۇ بىنادىكى بىر خىش. نىكاھ — ئائىلىنىڭ ئاساسى، نىكاھلىنىش — ئائىلە قۇرۇشنىڭ باشلىنىشى. خاتىرجەم، بەختلىك ئائىلە قۇرۇش جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم ئامىلى. شۇڭا نىكاھ — نىكاھ قانۇندىكى بەلگىلىمە، نىزاملارغا، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە، ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن بولۇشى كېرەك، شۇندىلا بەختلىك ئائىلە قۇرۇش ئارزۇيىمىزغا يېتەلەيمىز.

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا نىكاھ ئەركىنلىكى تەكىتلىنىدۇ، نىكاھتا ئەركىن بولۇش — ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ تۈپ ھوقۇقى، نىكاھ ئەركىنلىكىگە باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ. نىكاھتا ئەركىن بولۇش ئۈچۈن قانۇن ئۆگىنىپ، قانۇن ئارقىلىق ھوقۇقىمىزنى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇشىمىز، قانۇنسىز قىلمىشلارغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئىسلام دىنى نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنىڭ ئاساسى ئەركىن مۇھەببەت بولۇپ، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا ئىشق-مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەركىن مۇھەببەت بولمىسا ئەركىن نىكاھ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: **"ئاراڭلاردا (ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار"** (30-سۈرە «رۇم»، 21-ئايەت) دېيىلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرمۇ ئەركىن مۇھەببەت تەرغىباتچىسى ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، خىزام ئەنسارى ئۆز قىزى خەنسانى بىر ئەرگە بەرگەندە، خەنسا ئۇ ئەرنى ياقتۇرماي رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كەلگەن، رەسۇلۇللا ئۇنىڭ نىكاھىنى قايتۇرۇۋەتكەن. يەنە بىر قىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا باقماي ئەرگە بەرمەكچى بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى يوقلۇقىنى شىكايەت قىلغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ قىزغا نىكاھ ئىختىيارىنى بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ، چوكاننىڭ رازىلىق سۆزىنى ئالماستىن، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ"** دېگەن. بۇلاردىن شۇنى روشەن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام شەرىئىتى قىز-ئوغۇل، ئەر-ئاياللارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ لايىق تاللاش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

لېكىن، ھازىر ھەرقايسى جايلاردا نىكاھ مەسىلىسىدە فېئوداللىق كونا ئىدىيە، بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدە نىكاھتا ئەركىن بولۇش پرىنسىپى ھەر خىل توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىماقتا. مەسىلەن، بەزى ئاتا-ئانىلار ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىپ، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ مۇھەببىتى بار-يوقلۇقىغا قارىماي، تۇغقان قوغلىشىپ، يېقىن تۇغقانلارنى نىكاھلىنىشقا زورلاپ تاڭماقتا. بەزىلەر ئەمەلى، نەسەبى، كىرىم-ماڭاشى، خىزمەت ئورنىغا

قاراپ لايىق تاللىسا، بەزىلەر مال-دۇنياسىغىلا قاراپ، ئادەمگە قارىماي نىكاھلىنىشنى قوغلاشماقتا. بەزىلەر نىكاھلانماستىن بىللە ئۆتمەكتە. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىكاھ قانۇنىغا خىلاپ، جۈملىدىن دىنىي شەرىئىتىمىزگىمۇ مۇخالىپ ئىشلاردۇر. بۇ خىل يامان خاھىشلار تۈزىتىلمەيدىكەن، ئائىلىدىن ئىبارەت "جەننەت" مۇقەررەر ھالدا "جەھەننەم"گە ئايلىنىدۇ. ئائىلىدە تىنچلىق بولمايدۇ، تۇغقانلار ئىچىگە زىددىيەت تېرىلىدۇ، نىكاھلانغۇچىلار تۈگمەس ھەسرەت، مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالىدۇ، قۇدىلىباجىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار، ھەتتا پاجىئەلىك تراگېدىيىلەر كېلىپ چىقىدۇ، ئائىلە بۇزۇلىدۇ، ئەڭ يامىنى سەبىيلەرنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە داغ سېلىپ، ئۇلارنى تىرىك يېتىملەرگە ئايلاندۇرۇپ، بەختتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. مىللەتنىڭ سۈپىتىگە، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا ئېغىر زىيانلارنى سالىدۇ.

نىكاھ قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە نىكاھلىنىش ھوقۇقى بېرىلگەن، ھەرقانداق كىشىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىشى، چاتا كېرىشىشى، نىكاھنى مەجبۇرلىشى چەكلەنگەن. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئوخشاشلا چەكلەنگەن: "سىلەرگە **ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلەرنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىلەن بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلەردە تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى**" (4-سۈرە «نىسا»، 23-ئايەت).

نىكاھ قانۇنىدا ئۈچ ئەۋلاد تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن. يېقىن تۇغقانلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، ئۇلار ئۆزئارا نىكاھلانسا ئەۋلادلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان يېتىدۇ، سۈپەتلىك بالا تۇغۇشقا تەسىر يېتىدۇ. قايسى ئاتا-ئانا بولغۇچى ياخشى ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ئارمان قىلمايدۇ دەيسىز! ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەختى، كېلەچىكىنى ئويلىساق، يېقىن تۇغقانلارئارا نىكاھلىنىشتىن ساقلىنايلى.

نىكاھ قانۇنىنىڭ 3-ماددىسىدا: «نىكاھنى تېڭىش، نىكاھ سودىسى قىلىش ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ» ، دەپ بېكىتىلگەن. نىكاھنى تېڭىش — ئاتا-ئانىلار، تۇغقانلار چاتا كېرىشىپ، ئەركىن نىكاھلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى ئىختىيار قىلمىغان بىرسىگە تېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. نىكاھ سودىسى — قىز تەرەپ كۆپ مىقداردا مال-دۇنيا ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، قىزلىرىنى تاۋار ئورنىدا سودا قىلىپ قۇدىلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. قۇللۇق جەمئىيەت كەلمەسكە كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز قىزىڭىزنى تاۋار قىلسىڭىز سىز قولدارمۇ، ئاتا-ئانىمۇ؟ سىزنىڭ ھېسابىڭىزدا بالىنىڭ قىممىتى پۇل بىلەن ئۆلچىنەمدۇ؟

نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن مال-مۈلۈك ئۈندۈرۈۋېلىش — قىزنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىنى باھانە قىلىپ، كۆپ مىقداردا تويلۇق پۇل-مال ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل نىكاھتا گەرچە قىز-يىگىتنىڭ ئىختىيارىي مۇھەببىتى بولسىمۇ، لېكىن كۆپ مىقداردا تويلۇق، پۇل-مال بېرىش شەرت قىلىنغاچقا، بۇمۇ سودا خاراكتېرىدىكى نىكاھتىن پەرقلەنمەيدۇ. قىزىڭىزنى تاۋار ئورنىدا باھا قويۇپ ياتلىق قىلىشقا ۋىجدانىڭىز قانداق چىدايدۇ؟ بالاغەتكە يەتكەن باللارنى نىكاھلىتىپ ئۇلارنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش ئاتا-ئانىلىق بورچىڭىز، قەرزىڭىز. شۇڭا مۇۋاپىق ھەق بىلەن چىرايلىق توي قىلىپ، ئاتا-ئانىلىق قەرزىمىزنى ئۆتىگىنىمىز ياخشى. ئوغۇل تەرەپنى ئېغىر چىقىمدار

قىلىسىڭىز، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق قەرزگە بوغۇلسا، قىزىڭىز مەڭگۈ شۇ ئۆيدە بولىدىغان تۇرسا، قىزىڭىز قىسىلماسمۇ؟ بالىڭىزنى خىجالەتكە سېلىپ قويۇپ، سىز قانچىلىك ھۇزۇر ئالارسىز؟ نەپسىڭىزنى قانۇن ۋە ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرۈڭ.

بەزى كىشىلەر پۇل-مالغا بەكلا ھېرىس؛ پۇلنى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ، مېڭىسى قىزىپ، قانۇن-نىزاملاردىن چەتنەپ، دىنىي شەرىئەتتىن چىقىپ، قىزىنى دەسمايە قىلىپ، مال-مۈلۈك ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا بولىدۇ. ئوغۇل تەرەپكە ئېغىر تويلۇق سالىدۇ. ئالىي سۈپەتلىك كىيىم-كېچەك، رەخت-پۇچەك، ئالتۇن زىبۇزىننەت، يېڭى سېلىنغان يۇرۇشلۇق ئۆي، ھەشەمەتلىك ئۆي جاھازىلىرى، ئېسىل گىلەم، يۇرۇشلەشكەن ئۈنىۋېرسال ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت، كۆپ مىقداردا نەق پۇل، چارۋا مال تەلەپ قىلىدۇ، "بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر" دېگەننى قىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىمىسا، قەستەن تويىنى كېچىكتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئوغۇل تەرەپ بۇرۇن ئوغۇل پەرزەنتى بولغىنىغا خوش بولغان بولسا، ئەمدى ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ، چۈنكى، بىر كېلىن ئەكىلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە نەچچە ئون مىڭ يۈەن، كۆپ بولغاندا ھەتتا يۈز مىڭ يۈەندىن ئوشۇق خىراجەت كېتىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئائىلىلەر بىر كېلىن ئەكىلىش بىلەنلا قاتتىق قەرزگە بوغۇلۇپ، ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؛ بەزى قىز-يىگىتلەر ئېغىر تويلۇق سەۋەبىدىن شېرىن ئايلىرى ۋە بەختلىك تۇرمۇش پەسلىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىماي، ئائىلىدىن قېچىپ كېتىش يولىنى تاللاۋاتىدۇ. بەزى يىگىتلەر پۇل تېپىپ ئۆيلىنىش ئويىدا تەۋەككۈل قىلىپ قىمار ئويناش، ئوغرىلىق-بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قىلىشتەك جىنايەت يولىغا مېڭىپ، چوڭ بەختسىزلىككە دۇچار بولۇۋاتىدۇ ۋە ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قېلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى تويلۇق شەرتلىرىنى ئورۇندىيالماي ھەسرەت يۇتۇپ، ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئاخىر ئۆلۈۋېلىشتەك پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇ تراگېدىيىلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە!

توي چىقىمىنىڭ بارغانچە ئېغىر بولۇشى كىشىلەرنى ئېغىر غەمگە سېلىپ قويىدى؛ بۇ ھال مۆلچەرلىگۈسىز يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئەمىنلىكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-مۇقىملىقىنى بۇزۇۋاتىدۇ؛ ياشلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىپ، نورمال كەيپىياتىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا پاسسىپ تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئائىلىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە، دۆلەت قانۇنىغا، مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، شەرىئەتكىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش توغرا ئەمەس.

ئىسلام دىنى قىز-ئوغۇل، ئەر-ئاياللارنىڭ ئىختىيارىي لايىق تاللىشىنى، تېزرەك نىكاھلىنىپ، ھالال ئەر-خوتۇن بولۇپ، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ؛ تويلۇقنى مۇۋاپىق ئېلىش، قىزنىڭ مەھرى بەدىلىنى مۇۋاپىق قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەر بىرلىكتە شاد-خۇرام مەرىكە ئۆتكۈزۈش، ئۆزئارا تۇغقان بولۇشۇپ، ئۆزئارا مېھرىبان، ئىناق-ئىتتىپاق قۇدىلا-باجا بولۇشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ؛ ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، چوڭچىلىق قىلىپ نام-ئاتاق قازىنىش، ھە دەپ سوۋغات قوبۇل قىلىپ مال-دۇنيا يىغىش، ئارتۇقچە ئىسراپخورلۇق قىلىشنى بولسا گۇناھ-مەئسىيەت دەپ قاتتىق چەكلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: **"ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ... ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار"** (4 -سۈرە «نىسا»، 19-ئايەت)

دېيىلگەن. بۇ ئايەت سودا خاراكتېرىدىكى نىكاھنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، **"ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار"** دەپ بۇنداق قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن. يەنە: **"ئۇلار (يەنى ئاللا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 67-ئايەت) دەپ، ئوتتۇرىھال خىراجەت قىلغانلار **"ئاللانىڭ ياخشى بەندىسى"** ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **"كىمكى، ئايالىنىڭ مەھرى ئۇچۇن بىر قوش چاڭگال تالقان ياكى خورما بەرسە مەھرى ئادا بولغان بولىدۇ."، "مەھرىنىڭ ئېزى ئەڭ ياخشى مېھرىدۇر."، "ئاياللارنىڭ ياخشىسى مەھرى ئاز بولغىنىدۇر."، "تويىنىڭ ئاسان بولۇشى، ئايالنىڭ مەھرىنىڭ ئاز بولۇشى، ئايالنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىدىندۇر"** دەپ توينى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش، مەھرىگە ئاز نەرسە بېرىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى.

مۆمىن مۇسۇلمان ئىكەنمىز "لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا" دەپ تىلىمىزدا ئىقرار، دىلىمىزدا تەستىق قىلىپ، ھەرىكىتىمىزدە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. ئاللادىن نازىل بولغان روشەن ئايەتلەر ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرلۇق كۆرسەتمىلىرى يولىمىزنى يورۇتۇپ تۇرسا، نېمە ئۇچۇن ھەقىقەت يولىدىن ئادىشىپ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، باتىل يولغا مېڭىپ گۇناھكار بولىمىز؟

مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئادەم ئاتىمىز، ھەۋۋا ئانىمىزدىن قالغان سۈننەت. پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى، ئاللانىڭ يېقىن دوستى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ تويلۇق مەھرى ماددىي دۇنيا بىلەن ئەمەس، بەلكى: "ئاللا يەككە-يېگانىدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ئۇنىڭدىن بۆلەك ئىبادەتكە لايىق ھېچ نەرسە يوقتۇر" دېگەن تەۋھىد، ئەقىدە بىلەن ھاسىل كالام بولغان. ئىككى ئالەمنىڭ چىرىغى، ئاللانىڭ دوستى ھەم ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمىسى بولغان مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇۋى خەدىچىگە ئۆيلىنىدىغان چاغدا، ھەم يېتىم، ھەم پېقىر بولغاچقا، تويلۇق مال-مۈلۈك بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇچىسىدا يېڭىراق بىرقۇر كىيىممۇ يوق ئىدى. "ئەبۇتالىپ (پەيغەمبىرىمىز-نىڭ تاغىسى ھەم باققان ئاتىسى) قېرىنداشلىرىنى يىغىپ ئېيتتى: —ئى قېرىنداشلىرىم، بۈگۈن بۇۋى خەدىچەنىڭكىگە بارىمىز. لېكىن مۇھەممەدنىڭ كىيگىلى ياخشىراق كىيىمى يوق، قانداق قىلىمىز؟" («قىسسەسۇل ئەنبىيا») بۇ سۆزلەر بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قولى قىسقا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بۇۋى خەدىچە تويلۇق مال، ھەتتا كىيىدىغان كىيىملەرنىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزى ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۆينى ئۆزى بېزەپ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئۆزى ئالغانىدى. شۇڭا: "ئاللاتائالا خۇرسەن بولۇپ، بۇۋى خەدىچىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇنىڭغا كاتتا دەرىجە ئاتا قىلدى. بۇۋى خەدىچىدىن ئەلا دەرىجىدە رازى بولدى. شۇنىڭ ئۇچۇن كېيىنكى كۈنلەردە، ھەزرىتى جىبرىئىل ھەرقاچان ۋەھيى ئېلىپ كەلسە، بۇۋى خەدىچىگىمۇ خۇدانىڭ سالىمىنى ئېيتاتتى." («قىسسەسۇل ئەنبىيا»).

ئاللاتائالا مەخلۇقاتلارنى ئاجايىپ سەنئەت ۋە قۇدرەت بىلەن يارىتىپ، بۇ مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئادەم ئەۋلادىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، بۇ دۇنيانى پايدىلىنىشقا بەردى. "مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قۇللىرىم ۋە دېدەكلىرىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مېنىڭ دوستۇم ۋە ئەلچىم، پەيغەمبىرىم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈممەتلەرنىڭ ياخشىسىدۇر" دەپ بىزگە شۇنداق ئالىي ھۆرمەت، بۈيۈك سۆيەت، چەكسىز مېھىر-شەپقەت ئاتا قىلدى. بىر ئاللاغا ھەم ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئىمان

كەلتۈرگىنىمىز راست بولسا، ئاللا رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىمىز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىپتىقانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندىشىمىز كېرەك. «قۇرئان كەرىم» دىكى: **«ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ھەقىقىي مۆمىن بولساڭلار ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار»** (2-سۈرە «بەقەرە»، 278-ئايەت). **«شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ»** (18-سۈرە «كەھف»، 107-ئايەت) دېگەن ئايەتلەردە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دېگەن: **«ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە بېرىڭلار»، «ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرۇۋەتمەڭلار، كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتىۋەتمەڭلار، ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللانىڭ مېلىنى (مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى) ناھەق رەۋىشتە تەسەررۇپ قىلىدىغان ئادەملەر قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدۇ.»**

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! «قۇرئان كەرىم» ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئەڭ مۇقەددەس كىتاب. ئۇ ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنىڭ مەنبەسى، بىزنىڭ ئىلمىي يېتەكچىمىز. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ تەربىيىۋى رولى بىزنى ئىككىللا دۇنيادا بەختكە يېتەكلەيدۇ. بىز چوقۇم «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە، شەرىئەت پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى مىزان قىلىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز، مال-دۇنيا ھېسابىنى ۋىجدان تارازىسىدا ھېسابلىشىمىز لازىم.

قانۇن—دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى. قانۇن بولمىسا دۆلەت بولمايدۇ. دۆلەت تۈزۈمى، جەمئىيەت تەرتىپى قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن قوغدىلىدۇ. ھەممىمىز نىكاھ قانۇنىغا ئائىتلىق رىئايە قىلىپ، قىلغان ئىش-ھەرىكىتىمىزنى ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچىسەك، ئىش-ئەمەللىرىمىز قېلىپلىشىپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ روناق تېپىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؛ تىنچ-مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىپ باياشات، خاتىرجەم، ئۈلپەت-ئىناق، بەختلىك ئائىلە قۇرغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ موربىي قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپتىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)

# ئىسلام دىنى بالىلارنى سۈپەتلىك بېقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

□ ئەلانۇر ئەبەيدۇللا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دىنىي قېرىنداشلار!

ئىنسان دۇنياغا كېلىپ، ئەقىل ۋە بالىغ بولغاندىن كېيىن تۇرمۇش قۇرىدۇ، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان چوڭ قانۇنىيەت. چۈنكى ئاللاتائالا نەسەب ئارقىلىق دۇنيادا ئادەمنى كۆپەيتىشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان.

87-سۈرە «ئەئلا» نىڭ 2—3-ئايەتلىرىدە: **«ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى»** دېيىلگەن. 16-سۈرە «نەھل» نىڭ 18-ئايىتىدە: **«ئەگەر ئاللانىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئاللا سىلەر (نىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلار) نى ئەلۋەتتە**

**مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر"** دېيىلگەن.

ئاللاتائالا پۈتكۈل كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچى قۇدرەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ زات بولغاچقا، تۆرەلمىنى ئانا قورسىقىدىكى چاغدا بالا ھەمرىيى قان تومۇرى ئارقىلىق تۆرەلمىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقنى تۆرەلمىگە يەتكۈزۈپ، ماددا ئالمىشىشتىن ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى ئانا تېنىگە قايتۇرۇپ تۆرەلمىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئاللاتائالا ھەر نەرسىنى ئالدىن بىلىدىغان بولغاچقا، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئانا كۆكسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئانا مېھرى ۋە ئوزۇقلۇقنى تەييارلىغان. مانا بۇ ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر ھەقىقەتتۇر.

2-سۈرە «بەقەرە» نىڭ 233-ئايىتىدە: **"ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ"** دېيىلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» دە بالىلارنىڭ ئانا سۈتىگە بولغان ئېھتىياجى ۋە بالىسىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق بولۇشىنىڭ ئاساسى ئانا سۈتى ئىكەنلىكى بۇنىڭدىن 1400 يىللار بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئانىلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ۋەزىپىسى ئاتىلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. ھازىر ئانا سۈتى بىلەن بالا بېقىش ئىنسانىيەتتە ئورتاق ئىش بولۇپ قالدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 2000-يىلىغا بارغاندا ساپ ئانا سۈتى بىلەن بالا بېقىش نىسبىتىنى 80%تىن ئاشۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى بوۋاقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھېچقانداق ئوزۇقلۇق ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئانا سۈتى ھەم پايدىلىق، قولايلىق، ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى تەڭشەكلىك بولۇپ، ئانا سۈتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپ. ئانا سۈتى تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ نىسبىتى 1:3:6 بولىدۇ؛ ئانا سۈتى تەركىبىدە سۈت ئاقسىلى بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ؛ ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە تويۇنمىغان ماي كىسلاتاسى بولۇپ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ؛ ئانا سۈتى تەركىبىدە B تىپلىق سۈت قەنتى يۇقىرى بولۇپ، B تىپلىق سۈت قەنتى چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسىنى تورمۇزلاپ، ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ ئانا سۈتى تەركىبىدە ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار كۆپ؛ كالتسىي ۋە فوسفورنىڭ نىسبىتى 2:1 بولۇپ، بەدەنگە ئاسان سۈمۈرۈلىدۇ؛ ئانا سۈتىدە كراخمال فېرمېنتى بولۇپ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ؛ ئانا سۈتىنىڭ تەركىبىدە يەنە ئىممۇنىتېت ئاتىگىنى بولۇپ، بالىلارنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا بالىلارنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىپ ساغلام، ئەقىللىق تەربىيىلەش لازىم. ئانىلار بالا ئېمىتىۋاتقان ۋاقىتتا ئاتىلار ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئانىلارنى ئوزۇقلۇق تەركىبى مول بولغان يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىشى لازىم. بۇنىڭدىن 1400 يىللار ئىلگىرى بېكىتىلگەن بۇ ھەقىقەتنىڭ توغرىلىقى ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىدە ئىسپاتلىنىپ تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بالىلارنى ئانا سۈتى بىلەن باقماي كالا سۈتى ۋە سۈت ياساملىرى بىلەن بېقىۋاتقان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت، ھايۋاناتلار سۈتىنىڭ تەركىبىنى ئانا سۈتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇق تەركىب، فېرمېنت ۋە كالتسىينىڭ مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن، كالا سۈتى بىلەن بېقىلغان بالىلاردا كالتسىي يېتىشمەسلىكتىن بولغان راخىت كېسەللىكلىرى ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكلىرى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئانا بالىسىنى ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن تەمىنلىگەندە، بالا ئانىلىق مېھرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بالىنى ئېمىتىش ئانا ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، بالا ئانا

كۆكسىنى شوراپ بەرسە، ئانىدىكى سۈت بېزى ئاجراملىرى راۋانلىشىپ، سۈت بەزى ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئەمچەك راكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ.

ئانا سۈتى بىلەن بالا بېقىشنىڭ ئانىغا ۋە بالىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل كائىناتنى ياراتقان ئاللاتائالا ئالدىن بىلگەچكە، ئانىلارغا بالىلارنى تولۇق ئېمىتىش ۋەزىپىسىنى بۇيرۇغان. بىز ئاللانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلساق، ئانىدىن پەرزەنتلەرنىڭ سۈپەتلىك بېقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

**(ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تىببىي تېخنىكۇمدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# سالاملىشىش

**□ شاھمەردان ئىمىننىياز**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

مۇسۇلمانلار ئۆزئارا سالاملىشىشتا ئورتاق قوللىنىدىغان ئىككى جۈملە ئەرەبچە سۆز بار، ئۇ بولىسمۇ "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" (ئاللا سىلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلسۇن)، "ۋەئەلەيكۇمئەسسالام" (ئاللا سىلەرگىمۇ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن) دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، مۇسۇلمانلار يۈز كۆرۈشكەندە، ئۆزئارا ئامان-ئېسەنلىك تىلىمەكچى بولغاندا، سالام بەرگۈچى ۋ سالام قايتۇرغۇچى ئورتاق ھالدا بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ، بىر شەخس ئۈچۈنمۇ "سىلەر" سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا قارشى تەرەپ "كۆپچىلىك"، "كۆپچىلىك"نىڭ ۋەكىلى دەپ قارالغاچقا، سالاملىشىشقا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەنىسى سىڭگەن بولىدۇ. سالام بەرگۈچى، سالام قايتۇرغۇچى ئوخشاش.بىر سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئالدىدا ھەممەيلەننىڭ تەڭ، باراۋەر، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا كۆرۈشكەندە سالاملىشىپ ئامان-ئېسەنلىك تىلەش ئادىتى مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئادەت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ ئادەت ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك. ئىسلام دىنى بولسا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە تارقىتىپ ئىسلام دىنىغا خاس بولغان، مۇسۇلمانلار ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان بىر خىل قائىدە-يوسۇنغا ئايلاندۇرغان. "ئىسلام" بىلەن "سالام"نىڭ ئەرەبچە تۈپ سۆزى بىر ھەم مەزمۇنى ئوخشاپ كېتىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاقىدار سۈرە-ئايەتلىرىدە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، : "**(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى**"(51 -سۈرە، «زارىيات»، 24—25-ئايەتلەر). يەنە مەسىلەن، "**ئۇلار جەننەتتە بىھۇدە ۋە يالغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت "سالام! سالام!" سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ**"(56 -سۈرە «ۋاقىئە»، 24—25-ئايەتلەر). سالاملىشىپ ئامانلىق تىلەشمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىمىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**دىنداشلار كىشىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ بىرلىششىنى قوبۇل قىلىدۇ". "ئىككى دىنداش خۇددى ئىككى قول بىر-بىرىنى يۇغاندەك، مەنپەئەت جەھەتتە باغلىنىدۇ**".

سالاملىشىش بولسا، بىرىنچى ۋە ئەقەللىي

ئىش ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا بىر كۈنى يەھۇدىيلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبراي تىلىدا"سام"(تېزرەك ئۆل) دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ئائىشە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ "سىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم، ئاللاتائالا سىلەردىن غەزەپلىنىدۇ، سىلەرگە ئۆچ" دەپ جاۋاب قايتۇرغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەرھال: **"ئۇنداق دېمە، ئاللاتائالا كىشىلەرنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان گېپىنى قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ"**. دېگەن. بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان گەپكە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان گەپ قايتۇرۇشقا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"مەرھەمەتلىك ئاللانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز دەيدۇ. يەنى (گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ"** (25-سۈرە «فۇرقان»، 63-ئايەت).

سالاملىشىش بەزىدە قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ. دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغانلار ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ. قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنى كۆكرەككە قويىدۇ، بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقىنى، چىن يۈرەكتىن ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر بولسا، بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ ئوڭ قولىنى بېرىپ كۆرۈشىدۇ، بىر تەرەپتىن سول قولىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ. بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، سالاملاشقۇچىلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

سالاملىشىش ئۇسۇلى جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىقلارغا سالام قىلىشى كېرەك"** يەنە بىر رىۋايەتتە **"ئۇلاغلىق ئادەم پىيادىلەرگە سالام قىلىشى كېرەك"** دېيىلگەن.

دېمەك، سالاملىشىش ئۇسۇلى جەھەتتە شەخسلەر ئارا كىم ئاۋۋال سالام بەرسە، كىم كېيىن سالام قايتۇرسا بولۇۋەرگەندىن تاشقىرى، ئومۇمەن ئاۋۋال سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ يەردىكىلەرگە، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا ، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئەرلەر ئاياللارغا، ئېرى خوتۇنىغا، مېھمان ساھىبخانىغا سالام بېرىدۇ ۋاھاكازالار. پەقەت ئەرلەر ئاياللارغا سالام بەرگەندىلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ. بولۇپمۇ توغقان بولمىغان ئاياللارغا سالام بەرگەندە تەنتەنىلىك بولسۇن ئۈچۈن مەلۇم ئارىلىق ساقلىنىدۇ.

(ئاپتورى: **تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.**)

**مەرىپەتپەرۋەر ئىشچى—رەھىم ياقۇپ:** يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق تەمىنات-سودا كوپراتىپىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى رەھىم ياقۇپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، بازاردا ئاشپەزلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئائىلە كىرىمىنى ئاشۇردى ھەمدە 1993-يىلى ئۆز يېنىدىن 37 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، تېرىم يېزىسىنىڭ ئەڭ چەت كەنتلىرىدىن بولغان 4-كەنتكە ئۈچ سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئوقۇشسىز قالغان باللارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۆتكەن يىل 8-ئايدا ئۇ يەنە سىنىپ يېتىشمىگەنلىكتىن، بۇ كەنت تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئوسمۇرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدا قېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز يېنىدىن يەنە 35 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، ئۇ مەكتەپكە 138 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە پىشىق خىشلىق تۆت سىنىپ سېلىپ بېرىپ، ئوقۇش سىرتىدا قالغان 58 نەپەر ئوسمۇرنى خاتىرجەم، ئازادە ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مائارىپقا ئىئانە قىلغان ئومۇمىي پۇلى 72 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ يېزىدىكى كادىرلار، مائارىپچىلار ۋە كەڭ ئامما رەھىم ياقۇپنىڭ مائارىپنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغانلىقىغا كۆپ ئاپىرىن ئوقۇشتى.

(سادىر سابىر)

# مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى بۇرچى

□ مۇھەممەت شۇئەيب ئابدۇلكېرىم

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)

تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، كىشى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى بىلەن تەمىن ئېتىش ئارقىلىق زىناكارلىقتىن ساقلىنىدۇ ۋە نەسىل قالدۇرىدۇ، يەنى ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى ئارقىلىق ھاياتلىق ئىزىنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىنى، نام-شەرىپىنىڭ ساقلىنىشىنى ئارزۇلايدۇ.

ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 223-ئايەت). ئاللاتائالا نەسىل قالدۇرۇشنىڭ ھاياتلىقنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە كىشىگە بەخت-سائادەت بېغىشلايدىغان ئەڭ چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىنتىدۇر"** (18-سۈرە «كەھف»، 46-ئايەت). بۇ ئايەتلەردىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، ئىناق ئەر-خوتۇن ۋە پەرزەنتلەر بىلەن زىنەتلەنگەن ئائىلە قۇرۇش ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر ھەم زۆرۈرىيەتتۇر، ئەنە شۇنداق ئائىلە ئىنسانلارغا بېرىلگەن كاتتا ئىنئامدۇر. شۇڭا ئىنسانلار ئاللاتائالانىڭ ئاشۇ نېمىتىنى تونۇپ ھەم قەدىرلەپ، ئاللاغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى قوغدىشى، پەرزەنتلىرىنى ئاسراپ، ياخشى تەربىيىلىشى ھەم ئۆزلىرىگە ھەقىقىي ئىزباسار قىلىپ چىقىشى، ھاياتلىق ئىزىنى ئۈچۈرمەسلىكى، شۇ ئارقىلىق دۇنيادىكى ھاياتلىقنى گۈللەندۈرۈشى بەكمۇ زۆرۈردۇر.

ئىسلام دىنى پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدا: پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلارغا ئاللاتائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان شەرەپلىك، مۇھىم ئامانەت، ئاتا-ئانىلار قىيامەت كۈنى بۇ ئامانەتنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **" ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار"** (66-سۈرە «تەھرىم»، 6-ئايەت). مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايمەن دەيدىكەن، باللىرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشى، باللىرىغا ئىمان ئىسلام ئۆگىتىشى، ھەق-ناھەق، ياخشى-يامانىنى بىلدۈرۈشى، شۇنىڭدەك ئۇنى يەنە زامانغا لايىق ئىلىم ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار شۇلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى ئىشلارغا پەرزەنتلەر ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **"ھەرقانداق بالا ئىسلام دىنىنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسى قىلىدۇ"**. ئەگەر ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا ياخشى تەربىيىلەپ چىقسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇ دۇنيادا ۋە قىيامەت كۈنى چوقۇم كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، يەنى يا ئىماندا، يا ئىلىمدە يوق ئېتىقادسىز، ساپاسىز، ئەخلاقسىز تەربىيىلەپ قالسا، بۇنداق پەرزەنت ئاتا-ئانىنى بۇ دۇنيادىمۇ پاراكەندە قىلىدۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ جاۋابكارلىققا ھەتتا جازاغا ئۇچرىتىدۇ.

ئاللاتائالا ئىنسانىيەتنى يەر يۈزىدە خەلىفە (ئىزباسار) قىلىپ ياراتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتى

ۋە دۇنيانىڭ گۈللىنىشى پەقەت ئىنسانلار بىلەن بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان نەسلى ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ھەم ئەۋلادمۇئەۋلاد تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرى ئاتا-ئانىلاردۇر. بىرەر ئىنساننىڭ جەمئىيەتكە، خەلققە پايدىلىق بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى، ئاۋۋال ئائىلە تەربىيىسىگە باغلىقتۇر، شۇڭا ئائىلە تەربىيىسى ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، پادىچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، ئىماممۇ ئۆز جامائىتىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆز پادىسى بولغان جامائەتلىرىدىن سوئال قىلىنىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن پادىچىغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئائىلىسىدىن ئىبارەت بولغان بىر پۈتۈك پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ، سىلەر ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پادىسىدىن سوئال قىلىنىسىلەر".** شۇڭا ھەممە ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئىسلامنىڭ ھىدايەت نۇرى ئىچىدە پادىچى پادىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئۇلارنى ئۆز ھاياتىنى سۆيىدىغان، ئىسلام ئەخلاقىغا خىلاپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، ئەلگە ياخشىلىق، سائادەت بېغىشلىيالايدىغان، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھەرقاچان توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشى لازىم.

بۈگۈنكى كۈندە، بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى بېقىۋاتسىمۇ، لېكىن ياخشى تەربىيىلەپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشتە يەنە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، كۈچ چىقىرىش بەكمۇ مۇھىم، بۇ مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچىدۇر.

بىرىنچى، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن تارتىپلا بىر ئاللادىن ئەيمىنگەن، قورققاندىن باشقا، زىيادە قورقۇنچاقلىقتىن خالىي، باتۇر، جەسۇر، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، پەرزەنتلەرنى ئەقىل-ھوشى جايىدا، ئىلىمگە ھېرىسمەن، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئىسلاھ قىلالايدىغان ھەم توغرا يولغا باشلىيالايدىغان، ۋەتەنگە، خەلققە، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان ھەققەتپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، پەرزەنتلەرنى ئومۇمنىڭ پايدىسىغا كۆيۈنىدىغان، زىيىنىغا ئېچىنىدىغان، شۇنداقلا ياخشىلىققا ھېسداشلىق قىلىپ، رەزىللىكتىن يىرگىنىدىغان، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئېنىق، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەممىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: **"مۆمىنلەر بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر-بىرى بىلەن دوستلىشىشتا، بىر-بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا پۈتۈن بەدىنى بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ"**، يەنە مۇنداق دېگەن: **"مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قېرىنداش، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئاللا ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ".**

پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتە ئاتا-ئانىلار ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرى باشلامچى بولۇشى، بالىلىرىغا ئۈلگە تىكلىشى كېرەك. ئاخىردا بارلىق مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئىسلامىيەت ئىچىدە ئىمان، ئىلىم ۋە ئەخلاقتا، ۋىجدان، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتە يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاتائالا بارلىق مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىككى دۇنيادا بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

**(ئاپتور: قەشقەر ئىسلام دىنىي مەكتىپى 3-يىللىق سىنىپ تالىپى؛ ماقالىنى رەتلەپ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# رەھىمسىز قاتىل — تاماكىدىن ھەزەر ئەيلەڭ

□ ھاجى مەھمۇدى

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا تاماكىنىڭ زىيىنى توغرىسىدا دىنىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن شەرھلەنگەن ماقالە بېرىلگەندىن كېيىن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىر قوزغىدى. ئەمما يەنىلا نۇرغۇن مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ياشلار بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلماي، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنىمۇ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىمۇ ئاسرىمايۋاتىدۇ.

تاماكىنىڭ رەھىمسىز قاتىل ئىكەنلىكى تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەتتە بارغانسېرى چوڭقۇر ئىسپاتلانماقتا.

1998-يىل 11-ئاينىڭ 18-كۈنى تايلاندنىڭ پايتەختى باڭكوكتا ئېچىلغان دۇنيا سەھىيە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ناۋادا مۇناسىۋەتلىك ئەللەر تاماكىنى چەكلەش توغرىسىدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانمىسا، كەلگۈسىدىكى 20 يىل ئىچىدە، تاماكا چېكىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر ئەۋج ئېلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر خەلقىگە نىسبەتەن تاماكا ئاساسلىق "قاتىل" بولۇپ قالىدىكەن. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى مەسئۇلىنىڭ بۇ يىغىندا ئېيتىشىچە، تاماكا چېكىش مەسىلىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋېتىپتۇ. ئەگەر ھازىرقىدەك كېتىۋېرىدىغان بولسا، تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ھەر يىلى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئادەم سانى ئەيدىز كېسىلى، ئۆپكە ياللۇغى، قىزىل تۇغۇت قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھەر يىلى دۇنيا بويىچە تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ سانى 4 مىليون ئادەم بولۇپ، بۇلارنىڭ يېرىمى تەرەققىي قىلىۋاتقان نامرات دۆلەتلەردىكەن. 2030-يىلىغا بارغاندا، بۇ سان 10 مىليونغا يېتىدىكەن، بۇلارنىڭ 70 پىرسەنتى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولىدىكەن. شۇڭا بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار تاماكىنى مەنئى قىلىپ، قاتىلدىن ساقلىنىش، ھەرقايسى ئەللەر تاماكىنى مەنئى قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، تاماكا مەنئى قىلىش ئېلانلىرىنى تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت-ژۇرناللاردا داۋاملىق بېرىش توغرىسىدا مۇراجىئەت چىقارغان.

1998-يىل 11-ئاينىڭ 19-كۈنى بېيجىڭ ۋە لوندوندا تەڭ ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر جۇڭگودا ئەرلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان كېسەللىكلەرنىڭ 12 پىرسەنتىنى تاماكا چېكىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئەگەر ھازىرقىدەك تاماكا چېكىش ئەھۋالى داۋاملىشىۋەرسە، جۇڭگودا تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر يامراپ 2020-يىلىغا بارغاندا، ئۆلگۈچىلەر ئىچىدە بۇ سەۋەبتىن ئۆلگۈچىلەر 33 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. بۇ دوكلاتنى جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە تەتقىقاتچىلىرى بىرلىكتە تەييارلىغان بولۇپ، ئۇلار تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى تاماكا چېكىدىغان 1 مىليون 250 مىڭ ئادەم ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ خۇلاسىنى چىقارغان.

ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، جۇڭگودا تاماكا چەككۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. جۇڭگودىكى قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھېسابتا چېكىدىغان تاماكىسى 1952-يىلى بىر تالدىن بولسا، ھازىر ئون تالدىن ئېشىپ كەتكەن. جۇڭگودا ھازىر بەڭگىلەرنىڭ سانى 350 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر كۈنى 2000دىن ئارتۇق ئادەم

مۇشۇ سەۋەبلىك كېسەللەر بىلەن ئۆلىدىكەن، 2050 ـ يىلىغا بارغاندا مۇشۇ سەۋەب بىلەن كۈنىگە ئۆلىدىغانلار 8000 دىن ئاشىدىكەن. جۇڭگودا ھازىر ھەر يىلى تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار 1 مىليونغا بېرىپ قاپتۇ، بۇنداق ئۆلگۈچىلەر 2025 ـ يىلىغا بارغاندا، 2 مىليونغا، 2050 ـ يىلىغا بارغاندا بولسا، 3 مىليونغا يېتىدىكەن. يۇقىرىقى تەتقىقات دوكلاتىدا مەلۇم قىلىنىشىچە، جۇڭگودا تاماكا چېكىش سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان كېسەللىك 20 نەچچە خىلغا يەتكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا، ئاستا خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسەللىكلىرى 45 پىرسەنتىنى، ئۆپكە راكى 15 پىرسەنتىنى، قىزىل ئۆڭگەچ راكى، ئاشقازان راكى، جىگەر راكى، سەكتە، يۈرەك كېسىلى، سىل قاتارلىق كېسەللىكلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5 پىرسەنتتىن 8 پىرسەنتكىچە ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر جۇڭگودىكى ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى 25 ياش ئەتراپىدا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇر بەڭگە بولىدىكەن، تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تاماكا چېكىش يېشى قانچە بالدۇر بولسا، شۇ سەۋەبلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلۈش خەتەرلىكى شۇنچە زور بولىدىكەن.

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن تاماكا چېكىشنىڭ جۇڭگودا ھەقىقەتەن بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاپەت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يۇقىرىدىكى ئۈچ دۆلەت ئالىملىرىنىڭ جۇڭگودىكى تەكشۈرۈشىچە، جۇڭگولۇق ئامىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىنى تېخىچە تاماكىنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئاز ياكى پەقەت زىيىنى يوق، دەپ قارايدىكەن، 60 پىرسەنت ئادەم تاماكا چېكىشنىڭ ئۆپكە راكىغا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، 96 پىرسەنت ئادەم ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن.

ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يۇقىرىقىدەك نىسبەتتىكى نادانلىقىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان چەت ئەللىك سودا تەھلىلچىلىرىنىڭ مۆلچەرىچە، تاماكىنىڭ ئامېرىكىدا سېتىلىش مىقدارى بۇنىڭدىن كېيىن ئازىيىشى مۇمكىن، شۇڭا ئامېرىكىدىكى تاماكا شىركەتلىرى ئۆزىنىڭ بازار تېپىش ئۈمىدىنى جۇڭگوغا قارىتىۋېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاماكا بازىرى جۇڭگو ئىكەن، ھەر يىلى دۇنيا بويىچە سېتىلىدىغان 5000 مىليارد قاپ تاماكىنىڭ 1750 مىليارد قېپى جۇڭگودا سېتىلىپ، پۈتۈن يەر شارىدىكى تاماكا ئىستېمالىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. نادانلىقنى تاشلاپ، تاماكىنىڭ دىنىمىزنىڭ تەلىملىرىگە مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمىزگە، جۈملىدىن سالامەتلىكىمىزگە، ئەۋلادلىرىمىزغا، مىللىتىمىزگە، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە قارىتا بىر چوڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، تاماكىدىن ئىبارەت بۇ قاتىلدىن قول ئۈزەيلى! ئاللاتائالا تاماكا خۇمار مۇسۇلمانلارنى يەنىمۇ ھىدايەتكە باشلاپ، ئۇلارنى تاماكىدىن ھەزەر ئەيلەشكە يېتەكلىگەي — ئامىن!

# تاماكىنى تاشلايلى

## (”ت“ تاۋۇشغا تايىن تاپقان تەلەپ-تەكلىپ)

ئابدۇرەزاق ئابدۇخالىق

تاماكا تارتقۇچىلار، تىڭشاپ تۇرۇڭلار: تاماكا تارتىش تارىختىن تارتىپ تىبابەتشۇناسلار، تەرەققىيپەرۋەر تىۋىپلار تەرىپىدىن تولا تەنقىدلىنىۋاتقان تىمدۇر. تاماكا تۈتۈنىنىڭ تەنگە تىتىقسىز تەسرى تىگىدىغانلىقى تەشۋىقات تۇرلىرىدە، تاكى تىلىۋىزورلاردىمۇ تولا تەكىتلىنىۋاتىدۇ. تاماكا تارتقۇچىلار تولا تەنقىدلىنىپ تۇرسىمۇ تاماكىنى تاشلىماق تۈگۈل، تۆتى تۈگىسە توققۇزى تۆرىلىپ، تاماكىنىڭ تۈرلىرىنى تىخىمۇ تەرەققىيلاشتۇرۇپ، تاماكا تارتىش تاكتىكىسىنىمۇ توختاۋسىز تەرەققىي تاپقۇزۇشقا تىرىشماقتا. تىۋىپلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، تاماكا تۈتۈنى تاماكا تارتقۇچىنىڭ تۇرقىنى تاتىراڭغۇلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، تىرىلىرىدىكى تەر تۆشۈكچىلىرىنى، تومۇرلىرىنى تۇتۇۋالىدىكەن، تىنىنى تىمەنسىزلەشتۈرىدىكەن. تاماكا تارتقۇچى تىللىرى تاماكىغا تىگىپ، تۈتۈنگە تارتىشىپ تۇرغاچقا، تۈتۈنگە تويماس تۇمشۇقلىرىنى تەپ تارتماستىن تەرەپ-تەرەپكە تەڭلەپ، تاشلاندۇق تاماكىنىمۇ تالىشىپ تارتىشىدۇ؛ تىبىبي تەتقىقاتچىلارنىڭ، تەرەققىيپەرۋەر تىۋىپلارنىڭ تاماكىنى تاشلاش توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىسىنى توغرا تاپماي، تىخى تاماكا تارتىشنى توسقان تۇغقانلىرىغا، تەڭتۇشلىرىغا تىغدەك تىللىرىنى تەڭلەپ، تومشۇقىنى تولغاپ، تەلەتىنى تۇرۇۋالىدۇ.(تۇۋا، تۇمەن مىڭ تۇۋا!) تەھقىقكى، تاماكا تارتقۇچىلار تاماكىغا تەسلىمدۇر. تاماكىنى تىرىشىپ تاشلايدىغانلارنىڭ تىپلىشى تەس. تاگەي، تاماكىنى تاشلىماق تولىمۇ تەسمىكىن؟ تاماكا تارتقۇچىلار، تىڭشاڭلار، تىخىمۇ تەكىتلەپ تاپلايمىزكى، تاماكا تارتىشنى تىزدىن توختىتىڭلار، تاماكا تاشلاش تەخىرسىز تەلەپتۇر. تاماكا تۈتۈنىنىڭ تاماكا تارتقۇچىنىڭ تىنىنى تەبئىيسىزلەشتۈرۈپ، تاماكا تارتقۇچىنىڭ تۇرقىدىن تارتىپ تۇغۇلماقچى تۆرەلمىلىرىگىچە تەبئىيسىزلىككە تاشلايدىغانلىقىنى تىبىبي تەرەققىياتلار تەتقىقلەپ تاپتى، تەرەققىيپەرۋەر تىۋىپلارمۇ توغرا تاپتى. تاماكا تارتقۇچىلار، تىنىنى تىمەنلەشتۈرۈشنىڭ تەدبىرىنى تىزىشىپ تىپىپ، تاماكىنى تامامەن تاشلىغىنى تۈزۈك. تىۋىپلارنىڭ تەكلىپ، تەربىيىسىنى توغرا تاپمىغۇچىلار، تاماكا تارتىشنى توختاتمىغۇچىلار تاكى تاماكىنى تامامەن تاشلىمىغۇچە تىمەنسىزلىك تەرىپىدىن تۆكۈرۈپ تاشلىنىدۇ، تالاپەت تۈرمىسىدە تۇزۇپ تۆگەيدۇ. تالايلارغا تونۇشلۇقكى، تاماكا تالايلارنى تۈرلۈك تالاپەتكە تاشلايدۇ، تۇرمۇش تەرەققىياتىنى توسىدۇ، تىرىكچىلىك تاپاۋىتىنى، تەن تىمەنلىكىنى تۈگەشتۈرىدۇ، تاماكا تارتقۇچىلارنى تاماكىدىن تەزدۇرمىگەندە تالاي تىمەنلەرگىمۇ تاماكىنىڭ تەسىرى تىگىدۇ. تاماكا تالاپىتىنى تۈگىتىشكە تىزدىن تىرىشايلى، تاماكا تاشلاش تەن تىمەنلىكىمىزگە، تەبئىيلىكىمىزگە توغرا تاناسىپتۇر، تاماكىنى تاشلايلى!

**(ئاپتور: قەشقەر ئىسلام دىنى مەكتىپى 3-يىللىق سىنىپ ئالىيى؛ تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەت؛ ئاخىرقى تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما—ئەپەندى مەخسۇم

□ ئابدۇرەھىم سابىت

سىز چايخانىلاردا چاي ئىچىپ، ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا ياكى مەشرەپ-بەزمىلەرگە بارغىنىڭىزدا ۋە ياكى ئايىم-تويىنەكلەردىكى ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشقىنىڭىزدا خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇغان:

"چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى،
ماۋۇت سەيپۇڭ ئويغانمۇ؟
ئېتىڭ نىمانداق چىرايلىق،
ئەپەندى مەخسۇم قويغانمۇ؟"

دېگەن قوشاقنى ھەرقاچان ئاڭلىغان بولغىيتىڭىز؟!
ئۇنداقتا ئەپەندى مەخسۇمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

سىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان ئەپەندى مەخسۇم 19-ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم، شەرق مۇسۇلمانلىرىغا تونۇشلۇق بولغان داڭلىق ئۆلىما باھاۋۇدۇن مەخسۇمدۇر. ئۇ قەشقەرنىڭ موللاخۇن قازى كالاندىن كېيىنكى شەيخۇلئىسلامى، ئاتاقلىق مائارىپچى بولۇپ، ھىجرىيە 1280-يىلى رەجەپ ئېيىدا (مىلادىيە 1863-يىلى 12-ئايدا) قەشقەر شەھەر ياۋاغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق زەگەر كوچىسىدا بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى مىرزاجان ئەپەندىم قەشقەردە خېلى زور تەسىر كۈچى بار كاتتا بايلاردىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، دىنىي ئىلىمدىمۇ، پەننىي ئىلىمدىمۇ يېتىلگەن، بىرنەچچە خىل تىلنى پىششىق بىلىدىغان ھەممە بۇ تىللاردا يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى راۋان ئېلىپ بارالايدىغان، ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە، تونۇلغان بىلىم ئىگىسى بولۇپ، ئوردىشىكى جامەنىڭ خاتىپى، خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئەسلىدە باشقا بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىغە مەنسۇپلۇقى، ئوقۇمۇشلۇقى، يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ماھارىتىگە قاراپ "مىرزا"، يۇقىرى دەرىجىلىك مۇدەررىسلىكىگە قاراپ ھۆرمەتلەپ، "ئەپەندى" دەپ لەقەپ بېرىپ، "مىرزاجان ئەپەندىم" دەپ ئاتىغانلىقتىن، ئەسلى ئىسمى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئانىسى ھەببە خېنىم بولسا، قەشقەردىكى ئاتاقلىق شەخسلەردىن بىرى سانالغان مەشھۇر كۆز دوختۇرى ھاجى ئىبراھىم ئاخۇنۇمنىڭ قىزى بولۇپ، بۇ ئايالمۇ دىنىي ئىلىمدا يېتىشكەن ئوقۇمۇشلۇق، موللا ئايال ئىدى. ئۇلار پەرزەنتى ئەپەندى مەخسۇمنى ئۆز ئائىلىسىگە مۇناسىپ ھالدا بىلىملىك ئوقۇمۇشلۇق قىلىپ تەربىيىلەشكە تىرىشقان، 7 ياشقىچە ئەپەندى مەخسۇم ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 7 ياشتىن 11 ياشقىچە ئوردىشىكىدىكى (ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ئورنىدىكى) خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان.

1870-يىللارغا كەلگەندە، قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى زامانىدا، چىرىكلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئالۋاڭ-ياساق كۆپەيگەن، زۇلۇم-ستەم ئېغىرلاشقان، خەلقنىڭ ئاھۇزارى پەلەككە يەتكەن، جاسۇسلار ھەممىلا يەردە تىڭ تىڭلاپ يۈرگەن، ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىقى تۈپەيلىدىن تۇيۇقسىز تۇتۇپ كېتىش، مەخپىي ئۆلتۈرۈشلەر كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر ئەتىدىكى ھاياتلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي، داۋاملىق دەككە-دۈككىدە ئەندىشە ئىچىدە ياشايدىغان ھالەت شەكىللەنگەنلىكتىن، مىرزاجان ئەپەندىم ئۆز ھاياتىدىن خەۋپسىرىگەنمۇ، ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ قانداق، 1872-يىلىغا كەلگەندە ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ، 11 ياشلىق ئوغلى ئەپەندى مەخسۇمنى ئەگەشتۈرۈپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كېتىدۇ. ھەج پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆزى مەككىدىكى پادىشاھلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم ئاتىسىنىڭ ياردىمىدە شۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەرەب تىلى بىلەن قۇرئاننى، تەجۋىدنى ئۆگىنىپ، 15 يېشىدا بۇ مەكتەپنى تاماملايدۇ. 1876-يىلى مىرزاجان ئەپەندىم مەككىدە ۋاپات بولىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم ئاتىسى

مىرزاجاننىڭ دوست، يار-بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە 1887-يىلىغىچە مەككىدىكى ئۈچ بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، بۇ مەكتەپلەرنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملايدۇ. 1889-يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، قوقان، ئەندىجان، بۇخارا، سەمەرقەنت، تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل، تاتارىستاننىڭ قازان قاتارلىق جايلىرىدا زىيارەتتە يۈرۈپ، مۇسۇلمان ئالىملىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان مۇسۇلمان ئالىملىرى ئەپەندى مەخسۇمنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەپەندى مەخسۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى مىرزا ئەھمەت مەخسۇم بولسىمۇ، شۇندىن باشلاپ بۇ زات "ئەپەندى مەخسۇم" نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلايدۇ. ئەپەندى مەخسۇم 1889 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ساياھەتتىن قايتىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ. 1896-يىلى قەشقەر شەھەر چاسا كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق ئارىيار مەھەللىسىدىن باھاۋۇدۇن بەگ ئىسىملىك بىر كىشى (بۇ كىشى كېيىن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياپچان يېزىسىغا كۆچۈپ كېتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان) سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەجگە بارماقچى بولىدۇ. مەھەللە جامائەت ۋە ئەپەندى مەخسۇمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئەپەندى مەخسۇمنى بىللە ئېلىپ كېلىشنى ھاۋالە قىلىپ، خەت-خالتا، سوۋغات-سالاملارنى ئەۋەتىدۇ. باھاۋۇدۇن بەگ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىن يۇرت خەلقى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سوۋغات-سالاملىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى يەتكۈزىدۇ. رەسۇلۇللانىڭ رەۋزە مۇبارەكلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ جايدا ياشاپ ئاتىسىنىڭ ئايىغىدا يېتىشقا نىيەت باغلىغان ئەپەندى مەخسۇم يۇرت خەلقى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئارزۇ تىلەكلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

"سېنى دېمەي رەسۇلۇللا،
ۋە ياكى يىغلايمۇ ئاتام.
ۋە ياكى ئىزدەيمۇ ۋەتەن،
ۋە ياكى مەن دېمەي ئانام"

دەپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا ۋەتەن ئىشقى، ئۇرۇق-تۇغقان مېھرى غالىب كەلگەنلىكتىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئالاقە-مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ، 1898-يىلىنىڭ بېشىدا باھاۋۇدۇن بەگ بىلەن بىللە قەشقەرغە قايتىپ كېلىدۇ.

باھاۋۇدۇن مەخسۇم، موللاخۇن قازى كالان، ھامىد ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق قەشقەرنىڭ ئۇلۇغ-ئۆششاق ئۆلىما، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ.

ئەپەندى مەخسۇم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خانلىق مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ھېيتگاھ جامە، ئوردىشكى جامە، ئوردا ئالدى جامە (بۇ جامە ھازىرقى ئىستىمال بىناسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، 1972-يىللاردا چېقىپ تاشلانغان)نىڭ خاتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

ئەپەندى مەخسۇم ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، بۇ جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن پىششىق تونۇشقان بولغاچقا، ئۇ خانلىق مەدرىستە باش مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاساسىي كۈچىنى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا قارىتىپ، كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى يازماي يادلىتىدىغان ئۇسۇلنى يېزىش بىلەن ئوقۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەم يادلايدىغان ھەم ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ مەنىسىنى بىلىدىغان يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا؛ ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىكى دىني بىلىمگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، پەنني بىلىمگە ئاز ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەھۋالنى ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىدۇ. ئەپەندى مەخسۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ئىلگىرى چەكلىنىپ تاشلانغان ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تېبابەت، ھەندىسە، گېئوگرافىيە قاتارلىق دەرسلەر قېتىلىدۇ؛ ئەپەندى مەخسۇم باشقىلارغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان، بىرقەدەر قىيىن ھېسابلانغان

ئىلمى نۇجۇم بىلەن ھەندىسنى (گېئومېترىيىنى) ئۆزى ئۆتكەندىن باشقا، باشقا ئوقۇتقۇچىلار ۋە تالىپلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن «ئەرەب تىلى گراماتىكىسى»، «تەجۋىد قائىدىسى» (قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى) قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئەپەندى مەخسۇمنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەتئىمىن مىرزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئەپەندى مەخسۇم ئەدەب-ئەخلاقنى تەرغىب قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان دىداكتىك مەزمۇندىكى بىر شېئىرىي كىتابنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار بۇ "پومشچىك ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ شېئىرىي كىتابنى، يۇقىرىدىكى دەرسلىك كىتابلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن كىتابلارنى بۇلاپ-تالاپ، ئىككى تاغارغا قاچىلاپ ئەپچىقىپ، ھېيتگاھ مەيدانىدا كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن.

ئەپەندى مەخسۇم 1920-يىللار ئەتراپىدا قەشقەر مەھكىمە شەرئىيگە شەيخۇلئىسلام بولىدۇ. شۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ئويدۇرۇپ بەرگەن مۆھرىدە مۇنداق بىر بېيىت يېزىلغان:

"شەيخۇلئىسلام دىياردىن خۇتىپ مۆئمىنان،
مىرزائەھمەد سەلىل شەمس ئىرفان مىرزاجان."

مەنىسى: "مەرىپەت قۇياشى مىرزاجاننىڭ ئوغلى مىرزا ئەھمەت ئىسلام دىيارىنىڭ شەيخۇلئىسلامى، مۆمىنلەرنىڭ خاتىپىدۇر."

ئەپەندى مەخسۇم شەيخۇلئىسلام بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە شەرئىيەت ھۆكۈمىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەق-ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارغاچقا، قەشقەر خەلقىنىڭ كۆپ ئىززەت-ھۆرمىتىگە نائىل بولىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم خەلقنىڭ ۋە ئۇ يېتىشتۈرگەن تالىپلارنىڭ ھىمايىسىدە قەشقەردە شۇقەدەر نوپۇزلۇق بىر شەخس بولۇپ باش كۆتۈردۈكى، دوتەيلەرمۇ ئەپەندى مەخسۇمدىن ئەيمىنىپ، ئەپەندى مەخسۇمدىن مەسلىھەت ئالماي ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. گېپىمىزنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە شۇ چاغلاردا خەلق ئىچىدە تارالغان مۇنداق بىر قوشاقنى مىسال كەلتۈرىمىز:

مىسكىن بىلەن ھال مۇڭلۇق،
دوتەي بىلەن تەڭ تۇشلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم بىلەن بىز،
بۇ دىياردا بىر يۇرتلۇق.

دوتەي كۆرمىدى خوۋلۇق،
شەڭگەن كۆرمىدى خوۋلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم ئالدىدا،
ئۇلار قىلغانمۇ چوڭلۇق.

ئەپەندى مەخسۇم خەلق ئارىسىدىكى ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئىناۋىتى، كۈچلۈك تەسىرى بىلەن 1934-يىلى 2-ئايدىكى مافۇيەن قىسىملىرى ۋە ماجەنساڭ (مازىخۇي) نىڭ، 1934-يىلى 5-ئايدىكى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنى توختىتىپ قىلىشتا بەلگىلىك رول ئويناپ، خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان. ئۇ قەشقەردىكى كاتتا بايلارنى، مەسچىتلەرنىڭ خاتىپلىرىنى، مەھەللە ئىماملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پۇل-مال توپلاتقۇزۇپ، بۇ نەپسى تويماس بالاخورلارغا ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلغان.

ئەپەندى مەخسۇم ھىجرىيە 1362-يىلى شەبان ئېيىدا (مىلادىيە 1943-يىلى 8-ئايدا) ئەتىگەن سائەت يەتتىدە قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق تۇرپان كوچىسىدىكى بېغىدا پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە رىھلەت قىلدى. جەستى ھەزرەت تاختا كۆۋرۈكتىكى ئاممۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. مەرھۇمنىڭ يەتتە پەرزەنتتىن بولغان 238 نەۋرە-چەۋرىلىرى ھازىر ھايات ياشىماقتا. خەلق قەشقەر شەھەر ياۋاغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق زەگەرلەر كوچىسى بىلەن قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق تۇرپان كوچىسىنى بەزىدە "ئەپەندى مەخسۇم كوچىسى" دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئورنىدىن؛ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى.)**

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە سۇرىيىدە زىيارەتتە بولدى

□ ئادىل ھاجى كېرەم

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەج ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1998-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىگە بېرىپ، ھەر يىلى ھەج ۋازارىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەج ئىشلىرى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى. 11-ئاينىڭ 28-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى مەھمۇد مۇھەممەد سەفەر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن دۆلەت دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ئىشلىرى ۋەزىرىگە يوللىغان سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ۋەزىرنى مۇۋاپىق كۆرگەن ۋاقىتتا جۇڭگوغا بېرىپ زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى شاھزادە ئابدۇللانىڭ جۇڭگودا بولغان دوستانە زىيارىتىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ھەج ۋەزىرى مەھمۇد سەفەر جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە يې شاۋۋېننىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە تەشەككۈر ئېيتتى ۋە پات ئارىدا جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەج ۋەزىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج تاۋاپ ئىشلىرى ئۈستىدە رەسمىي خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپ 1999-يىلدىكى ھەج خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدا دوستانە مەسلىھەتتە بولدى، شۇنىڭدەك بەزى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتى. جۇڭگونىڭ ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىسى يۈي شىنجى، جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى لى جىنرېنلارمۇ بۇ قېتىمقى قوبۇل قىلىشقا ۋە يىغىنغا قاتناشتى. 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇقەددەس زېمىن مەككەمۇكەررەمەگە كېلىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ھاجىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج قىلىشى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللار ئۈستىدە خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن مەزكۇر ئىدارىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ھاجىلىرى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە يار-يۆلەكتە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتتە يۈز بېرىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ئويلىنىشنى ئۈمىد قىلدى، ئۇلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پىكرىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بۇندىن كېيىن ھاجىلارنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

زىيارەت مەزگىلىدە، ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، ”ئىقرا“ خەيرىيەت جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەرەبىستاندىكى كونا دوستلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو

ھاجىلىرىغا قىلىۋاتقان خالىسانە ياردىمىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى 12-ئاينىڭ 3-كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولغان يەتتە كۈنلۈك خىزمەت زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، ئەرەب سۈرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ كافتارۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سۈرىيىدە ئۈچ كۈنلۈك دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان سۈرىيىگە قىلغان تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى بولۇپ، زىيارەت داۋامىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى سۈرىيىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ كافتارۇ ۋە سۈرىيە "ئەبى نۇر" ئىسلام مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئالىي دەرىجىدە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. "ئەبى نۇر" ئىسلام مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى سۈرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئىنستىتۇتى، كۇتۇپخانا ۋە مەسچىت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، باش مۇپتى شەيخ كافتارۇ مەركەزنىڭ رەئىسى، ئۇنىڭ ئوغلى مەمۇرىي ئىشلار مۇدىرى بولۇپ، بۇ مەركەز سۈرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ئىناۋەتكە ئىگە. مەركەزنىڭ ئىنستىتۇتىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تالىپلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 50كە يېقىن جۇڭگولۇق تالىپلار ئىنستىتۇتنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن جۇڭگولۇق تالىپلاردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۆمەك يەنە ئىسلام مائارىپى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتە بۇ مەركەز بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. 12-ئاينىڭ 5-كۈنى سۈرىيە ئەرەب سوتسىيال گۈللىنىش پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى ئابدۇللا ئەھمەد ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزاسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىككى تەرەپ دوستانە، قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. ئۆمەك باشلىقى ۋەن ياۋبىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن سۈرىيە دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا قېرىنداشلىق سالىمىنى يوللىدى. ئەھمەد ئەپەندى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى چوڭ، ياخشى ۋەزىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، شۇنىڭدەك ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئۆزىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان خالىسانە سالىمىنى يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سۈرىيىدىكى زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرۇپ، 12-ئاينىڭ 9-كۈنى باڭكوك ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتىپ كەلدى.

# قىرغىزىستانلىق مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 1998-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈشتىن كېيىن قىرغىزىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈڭگان (خۇيزۇ) ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تىلشۇناسلىق دوكتورى، ئالىي تەتقىقاتچى، پروفېسسور مۇھەممەد ئىمازوۋ؛ مەزكۇر تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شائىر، يازغۇچى، كاندىدات دوكتور ئىسخار شىسىر؛ قىرغىزىستان دۆلەتلىك قىزلار پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى، چۈچۈي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوشۇمچە پروفېسسورى فاتىمە ماكېيېۋا خانىم ۋە سابىق قىرغىزىستان-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قىرغىزىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى، تۈڭگان ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇدىرى، تارىخشۇناسلىق دوكتورى مەرھۇم پروفېسسور مۇھەممەد سۇشەنلونىڭ رەپىقىسى،

قىرغىزىستان دۆلەت ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئائىشە ئالىشبايېۋا خانىملار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى پروفېسسور خۇ جېنخۇانىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن مېھمانلارغا مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. مېھمانلارمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن يېقىنلىق ھېس قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ بولۇپمۇ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇڭگان خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقى ئارىسىدا ئاللىبۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن چوڭقۇر دوستلۇقنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. سۆھبەتتىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىس ۋەن ياۋبىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن مېھمانلارغا سوۋغات تەقدىم قىلدى، كەچتە ۋەن ياۋبىن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار مېھمانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

# ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۇڭگانلار

خۇ جېنخۇا

1989-يىل 5-ئايدىن بېرى، مەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە تۆت نۆۋەت زىيارەتتە بولدۇم. زىيارەت جەريانىدا ئۇ يەردىكى تۇڭگان قېرىنداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولدۇم، تۆۋەندە بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان خۇيزۇلارنى رۇسلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر "تۇڭگان" دەپ ئاتايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، ئۆزلىرىنى "خۇيزۇ"، "خۇيمىن"، "لاۋخۇيخۇي"، "ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر" دەپ ئاتىشىدىكەن. 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا غەربىي شىمالدىكى مۇسۇلمانلار (خۇيزۇلار) قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ تۈركۈم خۇيزۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان، شۇڭا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، تۇڭگانلار "ئوتتۇرا ئاسىيا خۇيزۇلىرى" دۇر. ئۇلار قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئاساسەن ئالمائاتا شەھىرى، تالاس (بۇرۇنقى جامبۇل) شەھىرى، يەركەنت شەھىرى ۋە ما سەنچېڭ يېزىسى (يىڭپەن)، يېڭى ئۆستەڭ يېزىسى، تۇڭگانوفكا قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قازاقىستاندىكىلىرى 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن؛ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئاساسەن پىشكەك شەھىرى، توقماق شەھىرى ۋە بىرمۇنچە يېزىلاردا

ئولتۇراقلىق بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەرمۇ 40 مىڭدىن ئاشىدىكەن؛ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئاساسەن تاشكەنت شەھىرىنىڭ جەنۇب رايونى ۋە ئەنجان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىكىلەر 10 مىڭغا يەتمەيدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئالاھەزەل 100 مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق بىلەن، قوشۇمچە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

تۇڭگانلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغىلى 100 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا ئاتا-بوۋىسىنىڭ يۇرتى جۇڭگوغا بولغان مۇھەببەت ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن. ئۇلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقى يەنىلا بەزى يېزا-مەھەللىلەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، تا ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ تىلى — شەنشىچە ۋە گەنسۇچە خەنزۇ تىلىنى تاشلىماپتۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا ئورپ-ئادەتلىرىنىمۇ ساقلاپ قاپتۇ. ئەتراپىدىكى رۇس، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر خەلقى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىلىدا رۇس تىلى ۋە تۈركىي مىللەتلەر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپىكەن، ئورپ-ئادەت جەھەتتىمۇ بەزى تەسىرلەرگە ئۇچراپتۇ، مەسىلەن، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بولكا، نان، پولو قاتارلىقلارنىمۇ يەيدىكەن. ئۇلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئويناپتۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاشلا، تۇڭگانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىپتۇ، ھۆكۈمەت ئۇلارغا يېزىق يارىتىپ بېرىپتۇ، تۇڭگانچە كىتاپ-ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدىكەن، تۇڭگانلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىپتۇ، بىرمۇنچە تۇڭگان مەكتەپلىرى بار ئىكەن، ھازىر تۇڭگانلار ئارىسىدا بىرمۇ ساۋاتسىزنى تاپقىلى بولمايدىكەن. سلاۋيان ھەرپىدە چىقىدىغان تۇڭگانچە گېزىت "خۇيمىنباۋ" (تۇڭگان گېزىتى) ۋە تۇڭگانچە ئاڭلىتىلىدىغان رادىئو نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

تۇڭگانلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، ئورپ-ئادەتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپتۇ، روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئالىملىرى تۇڭگانلار ئۈستىدە توختىماي تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ، بولۇپمۇ تۇڭگانلاردىنمۇ بىرمۇنچە داڭلىق مۇتەخەسسىس، ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە سەنئەتچىلەر بارلىققا كېپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپتۇ. ھازىر قىرغىزىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە مەخسۇس تۇڭگانلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، ئورپ-ئادەتلىرى، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان "تۇڭگان ئىلمى تەتقىقات بۆلۈمى" دېگەن بىر بۆلۈم بار ئىكەن، بۇ يەردە 11 نەپەر ئالىم ئىشلەيدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە تۇڭگان مەدەنىيەت مەركىزى (تۇڭگان جەمئىيىتى) قۇرۇلۇپتۇ. بۇ جەمئىيەتلەر ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، چەتئەللەردىكى ئالاقىدار جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناۋېتىپتۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى.)**

# جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: 1997-يىلى مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىدە، بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى ئېلياس قارىي ۋە چىڭخەي ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ما ۋېنجۇنلەر 1998-يىل 11-ئايدا مەككەمۇكەررەمە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەئۇدى ئەرەبىستانى 20-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئېلياس قارىي ھافىز (پۈتۈن قارىي) لار گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇلار يەنە ئۆمرە تاۋاپ قىلىشقا، مۇقەددەس كەئبە بەيتۇللانىڭ ئىچىگە كىرىپ زىيارەت ھەم تاۋاپ قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى.

شىنجاڭلىق مەنسۇر قارىي ۋە ئىچكى موڭغۇللۇق قارىيە (ئايال قارىي) ما پېيىڭلار 1998-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە مالايسىيە پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن مالايسىيە 40-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

شىنجاڭلىق ھەمدۇللا قارىي 1999-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىسىر 6-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

مۇسابىقىلەرگە قاتناشقان بۇ قارىيلار دۆلىتىمىزدە 1997-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن قارىي ۋە قارىيەلەر بولۇپ، ئۇلار مۇسابىقە جەريانىدا جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى، نۇرغۇن باھالىغۇچىلار جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائىتىگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە جۇڭگودىمۇ مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك قارىيلارنىڭ چىققانلىقىغا ھەيران قېلىشتى.

جۇڭگو قارىيلىرى يۇقىرىقىدەك چوڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق ۋە نامايان قىلىش، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىش، چەت ئەل قارىيلىرىنىڭ قىرائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم ئۆستۈرۈشكە زور ياردىمى بولغۇسى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى

1998-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 1999-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇبارەك رامىزان ئېيى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ كۇئىنلۇن مېھمانخانىسىدا ئىپتارلىق بېرىپ، ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ۋەن ياۋبىن، ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ما يۈنفۇ ۋە شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئىپتارغا كەلگەن باش ئەلچىلەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى. بۇ پائالىيەتكە بېيجىڭدىكى بىر قىسىم ئىسلام دىنى مۇتەخەسسىسلىرى ۋە دىنىي ئەربابلارمۇ قاتناشتى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى، مالايسىيە، ھىندونېزىيە، برۇناي دارۇسسالام، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئىران، پاكىستان، ئومان قاتارلىق ئىسلام-ئەرەب ئەللىرى ئەلچىخانىلىرىنىڭ باش ئەلچىلىرىمۇ رامىزان مەزگىلىدە ئايرىم-ئايرىم ئىپتارغا چاقىرغانىدى، 1-ئاينىڭ 19-كۈنى — روزا ھېيت كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باش ئەلچىسى يۈسۈف مۇھەممەد ئەل مەدەنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت بەردى. يۇقىرىقى ئىپتار ۋە پەتە پائالىيەتلىرىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ۋەن ياۋبىن، ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ۋە خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇدىرى ياڭ جىنبو، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ۋېن جيەن، ئادىل ھاجى قاتارلىقلار قاتناشتى. (كېرىمى)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1998-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى 7-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، مەكتەپتىكى ئۇستاز-تالىپلار بولۇپ 140 نەپەر كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىم سۆز قىلدى ھەمدە تالىپلاردىن ياخشى ئۆگىنىپ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان لاياقەتلىك ئىزباسارلاردىن بولۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان تالىپلار 40 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە نىشانلىق تەربىيىلەپ بېرىلىدىغان خادىملاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئاساسلىقى قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس شەرىپ، فىقھە ئىلمى، ئىلمى تەجۋىد، ئەرەب تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرى ئوقۇلىدۇ.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)

## خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى

1998-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىي مەكتىپى تۇنجى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، مۇدەررىسلەر-تالىپلاردىن بولۇپ 90دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن تۇنجى قارارلىق 40 نەپەر تالىپ يىل بېشىدىلا قوبۇل قىلىنغانىدى، بىر يىل جەريانىدا، يىللىق دەرس پىلانى نەتىجىلىك تاماملىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىلدى.

مۇراسىمدا مەكتەپنىڭ باش مۇدەررىسلىرى تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۆزلىرىنى ئۆمۈر بويى ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاش توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(تۇرغۇن ئىمىن)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 1998-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنى 3-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئىككى يىللىق بۇ سىنىپقا 30 تالىپ قوبۇل قىلىندى. بۇ قارارلىق تالىپ قوبۇل قىلىشتا ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، دىنىي خادىمى ۋاپات بولۇپ كەتكەن مەسچىتلەر، ياشىنىپ قالغان ئىمام، خاتىپلار ئۈچۈن ئىزباسار تەربىيىلەش مەقسىتىدە شۇ جايلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە مەلۇم دىنىي بىلىمگە ئىگە، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشنى خالايدىغان ياشلار ئىچىدىن ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاپ نىشانلىق قوبۇل قىلىش ئاساس قىلىندى. بۇ قارارلىق تالىپلار ئىككى يىل جەريانىدا ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى، ئىلمى تەجۋىد، فىقھە، تەپسىر، ئەرەب تىلى ۋە مەلۇم نىسبەتتە سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىدىن بىلىم ئالىدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا قۇمۇل ۋىلايىتى، قۇمۇل شەھرىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، دىنىي زاتلار، يەككە تىجارەتچى، سودا-سانائەتچىلەر ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 120دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەر ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نەق مەيداندا پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىپادىلىدى.

(يۇنۇس سادىق)

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

1998-يىل 10-ئاينىڭ 25-كۈنى كوناشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 4-قارارلىق دىنىي خادىملارنى

تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى بازار جامە مەسچىتىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا كوناشەھەر ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، بازار ئىچىدىكى جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى بولۇپ 150 نەپەر كىشى قاتناشتى.

كۇرسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زۇنۇن قارىي ھاجىم بۇ قېتىمقى كۇرسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا ناھىيە تەۋەسىدىكى 20 يېزا-بازاردىكى دىنىي بىلىمى تۆۋەن ئوتتۇرا ياشلىق دىنىي ئىزباسارلاردىن جەمئىي 80 نەپەر كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. كۇرسانتلارنىڭ ئوقۇش ۋاقتى تۆت ئاي بولۇپ، بۇ جەرياندا ئاساسلىقى تەپسىر، ھەدىس، ئىسلام ئەقىدىلىرى، تەجۋىد، ئەرەب تىلى، ئىسلام تەلىماتى ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، قانۇن دەرسلىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز يېزىسىدىكى مەسچىتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

**(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەت)**

## يەكەن ناھىيىسىدە 12-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1998-يىل 11-ئاينىڭ 10-كۈنى يەكەن كوناشەھەر جامە مەسچىتىدە 12-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، ھەرقايسى يېزا-بازارلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك كادىرلىرى، يەكەن بازىرى تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى، ئىلگىرى كۇرسلارغا ئىقتىسادىي ياردەمدە بولۇپ كېلىۋاتقان سودا-سانائەتچىلەر ۋە كۇرسانتلار بولۇپ جەمئىي 250تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت ئەخمەت مۇراسىمغا يېتەكچىلىك قىلدى؛ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىمىن ساۋۇت ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلىرى ۋە كۇرسانتلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تۈزۈملەر توغرىسىدا سۆز قىلدى. ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كوناشەھەر جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ باش مۇدەررىسى ئابدۇسەمەت داموللا ھاجى كۇرسنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يېتىدىغان مەقسەت-تەلەپلەر توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلىدى. يەككە سودا-سانائەتچىلەر ۋەكىللىرىمۇ سۆز قىلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، كۇرسانتلار ۋەكىلىمۇ سۆز قىلىپ ئىرادە بىلدۈردى. ئاخىردا ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش كۇرسىنى ياخشى ئېچىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى.

بۇ قېتىمقى كۇرسىنىڭ ۋاقتى تۆت ئاي بولۇپ، 100 كىشى قاتنىشىدۇ، دىنىي دەرسنىڭ ۋاقتى 70 پىرسەنتنى، قانۇن-سىياسەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ ۋاقتى 30 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. دىنىي دەرسنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بولغان ئۆلىمالار، قالغان دەرسلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى(تەكلىپ بىلەن) ئۆتىدۇ. دىنىي دەرسلەردىن قىرائەت، ئىبادەت ئىسلامىيە، ئەقائىد زۆرۈرىيە، تەھسىل زۆرۈرى، موشكات شەرىپ، مۇختارات، نەھۋى سەرىپ، ھىدايى شەرىپ قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلۈپ، ئىمام-خاتىپ بولغۇچىلارغا زۆرۈر ئەقەللىي بىلىملەر سىستېمىلىق ئۆگىتىلىدۇ.

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 85-يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە 11 قارار دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىپ، 1030دىن ئارتۇق دىنىي ئىزباسار يېتىشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىكى دىنىي خادىملار كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كەلدى.

**(ئابلا تۇرسۇن)**

## يەكەن ناھىيىسىدە ئايال مېيىت يۇغۇچى (غەسسالە) لارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى شۇنچە چوڭ بىر ناھىيىدە غەسسالەرنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئاياللار ئىچىدە ئۆلۈم بولغاندا بىرقانچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىن بۇۋىم تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقى، ئاياللار مېيىت يۇغاندا شەرىئەتكە مۇخالىپ بىدئەت ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قوللىشى ۋە يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن 1998-يىل 10-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە كوناشەھەر جامە مەسچىتىدە ناھىيە بويىچە غەسسالەلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ناھىيە تەۋەسىدىكى 29 يېزا-بازاردىن 25 ياشتىن يۇقىرى، 60 ياشتىن تۆۋەن، شۇ جايدا دائىم ئولتۇرۇشلۇق، مەلۇم دىنىي بىلىمى بولغان، جامائەت ئىشىنى خالىس بېجىرىشنى خالايدىغان ئاياللاردىن 100دىن كۆپرەك ئايال قاتناشتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى تۈرلۈك دىنىي كىتابلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش ئارقىلىق، پۇختا، تەپسىلىي تەييارلىق ئاساسىدا دەرس ئۆتۈپ، كۇرسانتلارغا ئىسلام دىنىنىڭ مېيىت يۇيۇش جەھەتتىكى تەلىم ۋە ئۇسۇللىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى. كۇرسانتلارنىڭ مېيىت يۇيۇش جەھەتتە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا تەپسىلىي، دەلىللىك جاۋاب بەردى؛ مېيىت يۇيۇش جەھەتتە ئايال دىنىي زاتلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بىدئەت ئىشلارغا قارىتا توغرا چۈشەنچىلىرىنى بەردى ھەمدە مېيىت يۇيۇش ئىشلىرىدىكى تونۇش، ئۇسۇل، رەت-تەرتىپ ۋە چۈشەنچىلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى. كۇرسانتلار ئۈچ كۈن دەرس ئاڭلاش، ئۆگىنىش، سوئال قويۇپ-جاۋاب بېرىش ۋە ئەمەلىي مەشىق ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ھەقىقىي ئىگەللەپ چىقتى ھەم بۇنىڭدىن كۆپ مەمنۇن بولۇشتى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت ئەخمەت كۇرس باشلاش ۋە تاماملاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ناھىيىدىكى مۇسۇلمان ئاياللار ئاممىسى بۇ كۇرسنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىن قىلغان غەم-ئەندىشىلىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە بولغان سەممىي مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى. (ئابلا تۇرسۇن)

## ☆ تۆھپىكار دىنىي زاتلار ☆

### ▲ ئەلسۆيەر دىنىي زات— ئابلىمىت مامۇت ▼

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 9-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5-، 6-، 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت مامۇت 1936-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دىنىي ساھەدە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 38 يىلدىن بۇيان، ئۆز زىممىسىگە ئالغان خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى نەتىجىلىك ئورۇنلاش يولىدا باش چۆكۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ياراتقان مول تۆھپىلىرى بىلەن ئالاھىدە زور شان-شەرەپكە ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت/خەلقنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەر كىشى. ئۇ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ھالال بېيىش، ئورتاق گۈللىنىش يولىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، بېيىغانلار نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، قىسقىسى، ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق دىنىي زاتلارنىڭ ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇش توغرىسىدا جانلىق تەربىيە ئېلىپ باردى؛ ساغلام

ئۆرپ-ئادەتلەرنى ساقلاش، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىقنى تونۇش جەھەتتە ئاكتىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ يەنە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىي زاتلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق، كەسىپچانلىق تۇيغۇسىنى ۋە قانۇن-تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتتى.

ئابلىمىت ماموت ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى 340 مىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ 102 پارچە ھەر خىل پىكىر-تەكلىپلىرىنى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىگە ۋاقتىدا سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ 60 پىرسەنتىنىڭ ھەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ناھىيە رەھبەرلىرىگە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيە بازىرى ۋە بىر قىسىم يېزىلاردا قەبرىستانلىق يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقاردى. ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ جامەنىڭ 296 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 30 ئېغىزلىق مۇستەھەبخانا ۋە ھاجەتخانىلىرىنى ياسىتىپ بەردى. چوڭ جامەنىڭ 23 ئېغىز دۇكىنىنى ئىجارىگە بېرىش ئارقىلىق جامەنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئابلىمىت ماموت ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يەنە ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق ئورنى ۋە نامرات ئائىلىلەرگە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن 14 مىڭ يۈەن ياردەم قىلغاندىن سىرت، ئۆزى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 30 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 80 قۇر كىيىم-كېچەك، 300 كىلوگرام گۆرۈچ، 650 كىلوگرام بۇغداي ئۇنى چىقىرىپ 47 نامرات ئائىلىگە ئىئانە قىلدى، 70 ياشلىق بىر ئىگە-چاقىسىز، كېسەلچان مومايىنى تاكى ۋاپات بولغانغاقەدەر ئۆيىدە بېقىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالدى. نامرات، ياشانغان ئۈچ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى 5 يىلدىن 7 يىلغىچە ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بەردى؛ 13 كىشىگە 40 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ، سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يول ئېچىپ بەردى.

يۇقىرىقىدەك تۆھپە-نەتىجىلەر بىلەن ئابلىمىت ماموت 1985-يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، دىنىي خىزمەت ئىلغارى، "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇپ باھالىنىپ تۆت قېتىم تەقدىرلەندى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىككى قېتىم "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس"، تۆت قېتىم "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇپ تەقدىرلەندى. ناھىيە بويىچمۇ ئاشۇ شەرەپلىك ناملار بىلەن 18 قېتىم مۇكاپاتلاندى.

**(سىدىق تۇردى)**

## ▲ خەلقچىل دىنىي زات— ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى ▼

ئىلى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قورغاس ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قورغاس ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى ئاممىنىڭ ئىشىغا جان كۆيەرلىكى بىلەن ئاما ئارىسىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە دىنىي زات.

ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق قورغاس ناھىيىسىدە 1993-يىلى بىر ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەم بەش نۇقتىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئاساس سالغانىدى. ئەمما مۇھىم ئوقۇتۇش بىناسى بولمىغاچقا، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۈچ ئورۇنغا يۆتكىلىپ دەرس ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى كەڭ مۇسۇلمانلاردىن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلىدى. 1996-يىلى ئۈچ قەۋەتلىك بىر ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى ۋە ئوقۇتۇش شارائىتى ھازىرلاندى. ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى مەكتەپنىڭ ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. مۇدەررىسلەرگە پىلانسىز دەرس ئۆتمەسلىك، دەرسكە تەييارلىقسىز كىرمەسلىك تەلىپىنى قاتتىق قويدى.

ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۆز يېنىدىن 3500 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئاجرىتىپ "روشەن-

باغ»، «نەمۇنە»، «يېڭى نۇر» مەكتەپلىرىگە ئىئانە قىلىپ، ئائىلىسى نامراتلىقتىن ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا ياردەم بەردى. بىر ئاجىز كەمبەغەلنى 17 يىلدىن بېرى بېقىپ، ھەممە خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. نېرۋا كېسىلى بار بىر ئايالنى ئۆيىدە 13 كۈن بېقىپ، كېيىن ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنى شۇ جايدىكى تەشكىلنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى جامائەتكە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنى تېجەشلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەپ بەردى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ مېيىتلىرىنى ئۆزى باشلامچى بولۇپ چىقىمسىز ئۇزىتىپ، ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىغىمۇ مېيىت نامىزىنى ھەقسىز چۈشۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. ياشلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ناشايان ئىشلارنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئايرىم يىغىپ تەربىيە قىلدى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جامائەت ئارىسىدا ئۇنداق ئىشلار ئاساسەن كۆرۈلمىدى. داشكۇ، سار بۇلاق يېزىلىرىدىكى بەزى مەسچىت جامائىتى ئارىسىدا مەزھەپچىلىك زىددىيىتى تۇغۇلغاندا، ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى ئۆزى بىۋاستە بېرىپ، ئاممىغا ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جامائەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. (ئۆمەر مافاڭ)

## △ ساخاۋەتلىك دىنىي زات—داۋۇت مامۇت ھاجى ▼

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جاڭگىلئەسكى يېزىلىق شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى داۋۇت مامۇت ھاجى ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان، تاپاۋەتمۇ، ساخاۋەتمۇ، ئىناۋەتمۇ بار، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر دىنىي زاتلارنىڭ بىرى. ئۇ يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەن 20 يىللىق ئىسلاھاتتىن ئىلھاملىنىپ ھۆددىگە ئالغان 22 مو تېرىلغۇ يېرىنى تۈجۈپىلەپ ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت، سودا-تىجارەت، بۇداقچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئائىلىسىنىڭ ھەر يىللىق ساپ كىرىمىنى 40 مىڭ يۈەن، كىشى بېشى ساپ كىرىمىنى 10 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ئۇ بېيىغاندىن كېيىن نامراتلارنى يۆلەشنى ئېسىدىن چىقارمىدى، 10 يىلدىن بۇيان ھەر يىلى نامرات ئائىلىلەرگە 2000 كىلوگرام ئاشلىق، 2000 يۈەن نەق پۇل، 12 قۇر كىيىم-كېچەك، تۆت قاپ خىمىيىۋى ئوغۇت، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى ئىئانە قىلىپ كەلدى. 1991-يىلى ئۆز يېنىدىن 500 يۈەنلىك ياغاچ سېتىۋېلىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ سىنىپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. بۇلتۇر نامراتلارغا 10 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ئىگە-چاقىسىز ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇزاتتى. 1997-يىل 5-ئايدا ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن 500 يۈەن پۇل چىقىرىپ ھەم باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىئانە يىغىش ئارقىلىق 58 مىڭ يۈەنگە بىر مىنبۇس سېتىۋېلىپ، ئالتە كەنتتىكى 40تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ھەقسىز بېرىپ-كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. داۋۇت مامۇت قارىي ھاجى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 1986-يىلدىن بۇيان ناھىيە ۋە يېزا بويىچە «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، «ئالدىن بېيىش ئۈلگىسى»، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان دىنىي زات» بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلىنىپ كەلدى. (سىدىق تۇردى)

## △ بېيىش يولىغا ماڭغان دىنىي زات—كېرىمۇللا غۇلام ▼

قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى چارباغ يېزىلىق شۆبە جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى، جەمجۇم مەسچىتىنىڭ خاتىپى كېرىمۇللا غۇلام 1992-يىلدىن بۇيان بېيىش يولىغا ھەققىي تۈردە ئاتلىنىپ، ئىلگىرى كەنتتىن ھۆددىگە ئالغان 15 مو يەرنى پەن-تېخنىكىغا، سېلىنمىغا، جاپالىق ئىشلەشكە تايىنىپ تۈجۈپىلەپ باشقۇرغاندىن سىرت، 1994-يىلى 8-ئايدا جەمجۇم كەنتىدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاشلىنىپ قالغان 70 مو يەرنى 15 يىللىق توختام بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇ يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆت يىل جاپالىق كۈرەش قىلدى. نەتىجىدە 1997-يىلى 8-ئايغا كەلگەندە 70 مو ئۈنۈمسىز يەر ئۈنۈملۈك، يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرگە ئايلاندى. كېرىمۇللا غۇلام 1995-يىلدىن بۇيان ئۇ يەرلەرگە كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن-تاۋۇز، كۆكتات تېرىپ، تەبىئىي ئاپەت يۈز

بەرگەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىشچانلىقىغا تايىنىپ، مەھسۇلاتنى يىلمۇيىل ئاشۇردى، پاختا ۋە ئاشلىقتىنلا بىر يىلدا 46 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇغداي، قوناق، پاختىدىن 1997-يىلى 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللاندى، مال بورداپ، 70 مو يەرنىڭ قىرلىرىغا 300 تۈپ ئالما كۆچىتى تىكتى. ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان كېرىمۇللا غۇلام نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى ئۇنتۇمىدى، ئۆز كەنتىدىكى نامرات دېھقانلارغا 6060 تۈپ ئالما كۆچىتى، 350 كىلوگرام بۇغداي، بەش ھارۋا ئوتۇن ئىئانە قىلغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ تراكتورى بىلەن 12 نامرات ئائىلىنىڭ 56 مو يېرىنى ھەقسىز ھەيدەپ بەردى، 7000 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن ئۇ 1994-يىلدىن بۇيان ناھىيە، بازار بويىچە ئىلغار سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى

(سىدىق تۇردى)

## ▲ خەيرىيەتچى دىنىي زات—ئابدۇرەھىم قارىي ▼

چىرا ناھىيە دامكو يېزا شۇرخانا كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى، "بەشتە ياخشى دىنىي زات" ئابدۇرەھىم قارىي ئۆزىنىڭ ھال-كۈنىنى ياخشىلىغاندا نامرات ئائىلىلەرگە، كەنتنىڭ تۆرلۈك ئاممىۋى ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ 1998-يىلى كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرگە 365 يۈەن پۇل، 284 كىلوگرام ئاشلىق ياردەم قىلدى. كەنتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن دىنىي زاتلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەسچىت مەبلىغىدىن 1018 يۈەنگە بىر دانە ئاڭلىتىش ئۈسكۈنىسى ئېلىپ بەردى. ئۆز يېنىدىن 1328 يۈەن چىقىرىپ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە چايخانا سېلىپ بەردى. كەنتتىكى دىنىي زات ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ 5000 يۈەن ئىئانە توپلاپ، كەنتنىڭ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە 1998-يىل 8-ئايدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە شەخسەن 1000 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇ ئاشۇنداق ساخاۋەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ تۆھپە ياراتقاچقا، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن "بەشتە ياخشى دىنى زات"، ئۇ ئىماملىق قىلغان مەسچىت "بەشتە ياخشى مەسچىت" بولۇپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. ئۇ يەنە ئۆتكەن يىل خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېچىلغان "شەرەپلىك ئىشلار بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى"غا قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(ئەركىن مەتتۇرسۇن)

---

# ئەتىگەنلىك تاماق ۋە ئۆتنە تاش پەيدا بولۇش

بىر قىسىم كىشىلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمەيدۇ ياكى ئاز يەيدۇ. بۇ ناچار ئادەت بولۇپ، سالامەتلىككە زىيانلىق. ئەنگلىيە ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ، ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمەسلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. قورساقنىڭ ئاچ ۋاقتى ئۇزىرىپ كەتسە، ئاجرىلىپ چىقىدىغان ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا تەركىبىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. لېكىن خولېتسېرىننىڭ مىقدارى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل يۇقىرى خولېتسېرىنلىق ئۆت سۇيۇقلۇقى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر قورساقنىڭ ئاچ تۇرىدىغان ۋاقتى ئۇزاق داۋاملىشىۋەرسە، ئۆت سۇيۇقلۇقىدىكى خولېتسېرىن تويۇنۇپ، ئۆت ئىچىدە تىنىپ خولېتسېرىن تېشى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئەتىگەنلىك تاماق يېمەسلىكتەك ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

**«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدىن ئېلىندى**

## ساغلام ئۆمۈر چولپىنى

قاغىلىق ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ئېرىق بويي 3-ئاھالە كومىتېتى 4-مەھەللىدە رەھمىتۇللا يۈسۈپ ئىسىملىك بىر بوۋاي بولۇپ، بۇ يىل 102 ياشقا كىرگەن. ئۇ زادىلا تاماكا چەكمىگەن، ھاراق ئىچمىگەن. ئەتىگەندە نان بىلەن چاي ئىچىشنى، چۈشتە قۇۋۋەتلىك تاماق يېيىشنى، كەچلىك تاماقنى ئاز يەپ بالدۇر يېتىشنى ئادەت قىلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا كۆكسى-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ يۈرۈشنى، كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ، مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ھازىرمۇ ساغلام بولۇپ، بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئوقۇيالايدىكەن، مەسچىتكە مەزمۇت مېڭىپ بېرىپ، جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنىمۇ ئوقۇيالايدىكەن.

(بارات ئەمەت)

### ○ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

1998-يىلى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىن ئون نەپەر قارىي قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە قارىيلارنىڭ قىرائىتىنى ئاتاقلىق مۆتىۋەر دىنىي زاتلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتى ئەزالىرى قاتتىق تەلەپ بويىچە باھالاپ چىقتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان قارىيلارمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلدى. مۇسابىقە ئاخىرىدا باھالاش ئارقىلىق بەش نەپەر ماھىر تاللاپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائال ھەمكارلاشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۆتكۈزۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

(ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)

### ○ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى

بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتى 4-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 1998-يىلى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى كورلا شەھرىدە ئېچىلدى. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مەسئۇللىرى يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا مۇھىم سۆز قىلدى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بارات داموللا ھاجى يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. يىغىندا مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئابلا مۇسا جەمئىيەتنىڭ 3-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن خۇلاسە دوكلاتى بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بۇ دوكلاتنى كەڭ-كۇشادە، قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئوبلاستتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا چىقىرىلغان تەشەببۇسنامىنى ماقۇللىدى.

(مۇھەممەت تۇرسۇن)

### ○ بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىملىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

بۇ مۇسابىقە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بىلەن 1998-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى كورلا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە پۈتۈن ئوبلاستتىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردىن 20 قارىي ۋە باھالىغۇچىلار، كۆرەكچىلەر بولۇپ 30دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. باھالىغۇچىلار ئىلمى تەجۋىد ۋە قىرائەت قائىدىسىدىن تولۇق خەۋەردار ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپتى. مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بارات دامولla ھاجى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەن قارىيلارغا ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى.

(مۇھەممەت تۇرسۇن)

### ○ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 1998-يىل 9-ئاينىڭ 3-كۈنى قۇمۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇدىن بولۇپ 45 ۋەكىل، ”بەشتە ياخشى“ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى، ”بەشتە ياخشى“ دىنىي زاتلار، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 80گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىن باشلىنىش ئالدىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چيەن

جى، ۋالىي ئابدۇراخمان كېرىم قاتارلىق رەھبەرلەر كېلىپ ۋەكىللەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋەكىللەر ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇلىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇردى ھەمدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت پىلانىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇزاكىرە قىلدى. ۋەكىللەر دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق يېڭى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى، ئەمەت ياقۇپ ھاجى رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىندا يەنە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نىزامنامىسى ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى ماقۇللاندى. يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە باھالانغان "بەشتە ياخشى" دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي زاتلار مۇكاپاتلاندى.

(يۇنۇس سادىق)

## ○ قۇمۇل ۋىلايىتىدە تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

قۇمۇل ۋىلايەتلىك، قۇمۇل شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 1998-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپتە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مۇسابىقىگە قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ بولۇپ 52 قارىي ۋە قارىيە قارىي قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى 19 ياش، ئەڭ چوڭى 75 ياش. بۇ مۇسابىقە ئەمەلىيەتتە ۋىلايىتىمىزدىكى قارىي ۋە دىنىي زاتلارنىڭ تەجۋىد قائىدىلىرىنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى، قىرائەت ماھارىتىنى سىناش ۋە بېكىدىن يېتىشۋاتقان قارىيلارنى بايقاش سورۇنى، شۇنداقلا ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپ، قىرائەت ئاڭلاشقا كەلگەن 100گە يېقىن دىنىي زات ۋە ئېتىقادچى ئاممىدا ناھايىتى ياخشى تەسىرات قالدۇردى. دىنىي مەكتەپنىڭ مۇدەررىسلىرى ۋە ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل نومۇر قويۇشى ئارقىلىق تەجۋىدى ياخشى، قىرائەت قائىدىسى توغرا، ئاۋازى جاراڭلىق، تىلى راۋان، تەلەپپۇزى توغرا بولغان ئون قارىي ۋە قارىيە ئۈچ دەرىجە بويىچە باھالىنىپ ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى، يەنە توققۇز قارىي رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇسابىقىگە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

(يۇنۇس سادىق)

## گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 11-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پۈتۈن ناھىيىدىكى 12 يېزا، ئۈچ بازاردىن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىرىدىن جەمئىي 57 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا سانجى ئوبلاستى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئىلھام بېرىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا مەدەتكار بولدى. يىغىندا 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى بەش يىللىق خىزمەتلەر ئەستايىدىل يەكۈنلەندى ۋە بۇ ھەقتە بېرىلگەن دوكلات بىلەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە قارار-بەلگىلىمىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. ۋەكىللەر دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 15 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 34 ھەيئەت ئەزاسىنى، جۈملىدىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىپلىرىنى سايلاپ چىقتى؛ يىغىندا 11 "بەشتە ياخشى مەسچىت"، 20 "بەشتە ياخشى دىنىي زات" ئالاھىدە تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى؛ 13 كىشى دىنىي سورۇنلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر خادىم بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

(ئابدۇرېشىت سادىق، ئابلىمىت قۇربان ھاجى)

## چىرا ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

بۇ يىغىن 1998-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى داغدۇغىلىق چاقىرىلدى، يىغىنغا دىنىي ساھەنىڭ ۋەكىللىرىدىن 60 كىشى قاتناشتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەركىن پولات، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى مەتنۇرى ئەخمەت، ئابدۇرەھىم روزى قاتارلىق ناھىيە رەھبەرلىرى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاۋۇت قارىي ئاخۇنۇم ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى قۇربانىياز قادىر ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. يىغىندا سايلام ئارقىلىق 30 كىشى 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا، ئاۋۇت قارىي ئاخۇنۇم قاتارلىق 10 كىشى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەھىم روزى بۇ قېتىملىق جەمئىيەتنىڭ پەخرىي رەئىسلىكىگە، ئاۋۇت قارىي ئاخۇنۇم جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئۇبۇلھەسەن قارىي داموللام، ئابدۇغوپۇر قارىي ھاجىم، ئابدۇللا قارىي ھاجىم مۇئاۋىن رەئىسلىككە، مۇھەممەترەھىم توختىنىياز باش كاتىپلىققا سايلاندى. يىغىن ئاخىرىدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار ۋە جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى.

(مۇھەممەترەھىم توختىنىياز)

## شايار ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 1998-يىل 12-ئاينىڭ 18-، 19-كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى؛ يىغىندا ئالدى بىلەن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر ھەققىدىكى خۇلاسە ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تۈزىتىلگەن نىزامنامىسى ماقۇللاندى ھەمدە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان مۇراجىئەتنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. نىزامنامە ۋە سايلام چارىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىك كېڭىشىپ سايلاش ئارقىلىق ناھىيىلىك 3-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 39 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 15 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، رەھمىتۇللا ھەدەيىتۇللا قارىي ھاجىم جەمئىيەت رەئىسلىكىگە، ئابدۇل سەمەت، زىكرىيار روزى قاتارلىق 6 كىشى مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئەمەر قۇتبىدىن قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى. يىغىندا يەنە 1998-يىللىق "بەشتە ياخشى" بولۇپ باھالانغان 64 دىنىي زات، 48 مەسچىت تەقدىرلەندى. يىغىندا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، كەلپىن ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەبرىك تېلېفونى يەتكۈزۈلدى.

(رەھىم راخمان)

## ئىبراھىم داموللا ھاجى ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سانجى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى، گۇچۇڭ بازىرى خانئېرىق چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئىبراھىم داموللا ھاجى 1998-يىل 11-ئاينىڭ 29-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 104 يېشىدا پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشتى.

مەرھۇم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دىنىي زاتلار ئارىسىدا ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەردىن بىرى بولۇپ، بىر ئەسىر ئىچىدە ۋەتەنىنى، دىنىنى قىزغىن سۆيۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن، نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەۋلاد دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندى؛ مەرھۇم ئىبراھىم داموللا ھاجى يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي نۇرغۇن ھەدىسلەرنى، ئەقىدىلەرنى توپلاپ، رەتلەپ ۋە تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى؛ ئۇ تىرىشچانلىق-ئىقتىساتچىللىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈشنى ئاممىغا

تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن.

مەرھۇم بىلىم ئەھلى بولۇپ، بىلىمنى، ئىلىم-پەننى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» قاتارلىق گېزىتلەرگە مۇشتەرى بولۇپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە بۇلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەرقانداق ئورۇندا خەتمەقۇرئان تامام قىلغان، دۇئا-تەكبىر ئوقۇغاندا قويۇلغان پۇللارنى شۇ مەيداندىلا مائارىپقا، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە ئىئانە قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق پاك-دىيانەتلىكى كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ كەلگەنىدى. ئۇ بارغانلىكى يەردە كىشىلەرگە مائارىپقا ياردەم بېرىش، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنىڭ ساۋابلىقىنى، دىنىي سورۇنلارنىڭ بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنى-ئۆزى بېقىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئىشلاردا ئالدى بىلەن باشلامچى بولۇپ كەلدى. مەرھۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كۈنلەردە، بىرنەچچە ئايال ئوقۇتقۇچى ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا 100 يۈەندىن ئوشۇقراق پۇلنى قويۇپ، بۇنىڭغا دۇئا قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشقا مەرھۇم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، بۇنداق پۇلنى سىلەردەك خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا، يەنى مائارىپ ئىشلىرىغا بىزنىڭ بەرگىنىمىز توغرا، دېدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق پاك-دىيانەتلىك ۋە مائارىپنى يۇقىرى ئورۇنغا قويغان خىسلىتىدىن بۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلار چوڭقۇر تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدۇ. ئۇ 1983-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ مالايسىياغا بېرىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنىدى. مەرھۇمنىڭ ئىستىلى دۇرۇس، تۇرمۇشى ئاددىي-ساددا، ئۆزى تىرىشچان، تەلەپچان، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، مېھرى ئىسسىق، ئىرادىلىك بولغاچقا كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىززەت-ئابرۇيى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى.

ئىبراھىم داموللا ھاجى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، تۇرپان، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، مورى قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيەلەردىن ماشىنا-ماشىنىلىق ئادەملەر كېلىپ دەپنە مۇراسىمغا قاتناشتى. مەرھۇمنىڭ قەشقەردە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شىرىپجان داموللا ھاجى قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىمۇ دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلدى. مەرھۇم جان ئۈزگەندىن كېيىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ، 11-ئاينىڭ 30-كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بەردى. دەپنە مۇراسىمغا 7000دىن ئوشۇقراق ئادەم قاتناشتى. مەرھۇمنىڭ جەستى گۈجۈڭنىڭ ئەرتۇقى كەنتىدىكى چوڭ قەبرىستانلىققا قويۇلدى. جامائەت تاۋۇتنى يېغىۋاتقان قارىغا قارىماي، ناھىيە بازىرىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان قەبرىستانلىققا كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتىنى بىلدۈردى. ناھىيىلىك دەپنە قىلىش ھەيئەت رىياستى مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا قالدۇرغان ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئوقۇغان-توپلىغان 3000 پارچىدىن ئوشۇقراق ھەر خىل كىتابلىرىنى گۈچۈڭ ناھىيىسىدىكى 55 مەسچىتكە ۋە 33 نەپەر دىنىي زاتنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. مەرھۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەردە، ئۇنى ناھىيىدىكى بەش يۈرۈش رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەر كۈنى كېلىپ يوقلىدى. دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ جىددىي داۋالاتتى، تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە قىلغان چەكسىز غەمخورلۇقلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىبراھىم داموللا ھاجى كېسىلى ئېغىرلىشىپ، سۆزلىشى قىيىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈش ئارقىلىق ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەنىدى.

(ئابلىمىت قۇربان ھاجى)

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زۇقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن: (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1100 يۈەنلىك فوتوئاپپارات
2. مەكىت ناھىيىسىدىن: **پاتەم ھاجىم** 1000 يۈەن (زاكات)
3. كورلا شەھىرى يېمەكلىكلەر زاۋۇتىدىن: **تۇرسۇن قادىر** 200 يۈەن
4. ئۈرۈمچى شەھىرى سۇ نازارىتىدىن: **ئەمەر قاسىم** 100 يۈەن
5. شىخەنزە شەھىرى كونا بازار مەسچىتىدىن: **مۇھەممەت ھاجى** 100 يۈەن
6. مەكىت ناھىيە قىزىل ئاۋات يېزىسىدىن: **داۋۇت يۈسۈپ** 53 يۈەن
7. توقسۇن ناھىيە زاۋۇت مەھەللىسىدىن: **غوجى رىشىت** 50 يۈەن
8. توقسۇن ناھىيە زاۋۇت مەھەللىسىدىن: **ئامىنىخان** 50 يۈەن
9. دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىدىن: **دۆلەتقان** 50 يۈەن
10. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا مەكتىپىدىن: **ھىسامىدىن روزى** 50 يۈەن
11. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **تاھىر قادىر** 35 يۈەن
12. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ئېلى نىياز** 35 يۈەن
13. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ئابلىز ئەھەت** 35 يۈەن
14. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ئوسمان قۇربان** 35 يۈەن
15. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ئەمەر ئەمەت** 35 يۈەن
16. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ئېزىز ئەمەت** 35 يۈەن
17. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **نۇرنىساخان سەلەي** 35 يۈەن
18. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **ھاۋاخان ئاتاۋۇش** 35 يۈەن
19. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **گۈلنىسا ئېزىز** 35 يۈەن
20. شايار ناھىيە بازىرىدىن: **زۇلپىيە ئىسمائىل** 35 يۈەن
21. توقۇزتارا ناھىيە قوي فېرمىسىدىن: **ماخمۇت** 32 يۈەن
22. توقۇزتارا ناھىيە قوي فېرمىسىدىن: **ھىمىتخان** 32 يۈەن
23. مورى ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن: **ياقۇپ ھەمدۇللا** 16 يۈەن
24. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ئامانگۈل** 15 يۈەن
25. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **گۈلنىساخان** 11 يۈەن
26. گۇما ناھىيە تۇگمەن بېشى كەنت مەسچىتىدىن: **ھەبىبۇللا مەخسۇم** 10 يۈەن
27. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدىن: **ھىمىت ھاشىم** 10 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ، ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.





شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1998-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن هاجى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.



يىغىنغا قاتناشقان ئايال ۋەكىللەر دوكلات ئاڭلىماقتا.



ۋەكىللەر ئەستايىدىل دوكلات ئاڭلىماقتا.




تەقدىرلەنگەن "بەشتە ياخشى"لاردىن بىر كۆرۈنۈش.




ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق دىنىي ساھە بويىچە "قوش بەشتە ياخشى"لارنى تەقدىرلەش يىغىنى 1998-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.







سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، قازاقىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ئەللەردە تۇرۇشلۇق شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى سەيلە قىلىش ئۆمىكى 1998-يىل 10-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن، ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

قىرغىزىستان تۇڭگان ئالىملىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1998-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خۇ جېنخۇا ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋەن ياۋبىن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن قىزغىن ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى ۋە بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، ئاخىردا ئۇلار شەرپىگە زىياپەت بەردى.


مۇسۇلمانچە مەھسۇلات

## مۇسۇلمانلار ئالىي چىش مەلھىمى

«تيەنفاڭ» (天芳) ماركىلىق مۇسۇلمانلار چىش مەلھىمى يۇقىرى تېخنىكا خادىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئالىي چىش چوتكىلاش مەلھىمى بولۇپ، تيەنجىن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مەسچىت كارخانىسىدا مەخسۇس ماشىنا ۋە مەخسۇس لىنىيىدە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ۋە ئېتىقادىغا تولۇق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن گلىتسېرىن ئىسلام دۆلىتى مالايسىيە ۋە ھىندونېزىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كوكوس يېغىدىن چەككىلىۋېلىنغان، ھايۋانات مېيى گلىتسېرىنى ئىشلىتىلمىگەن، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن خام ئەشيالارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئەشيالار بولۇپ، ھېچقانداق خىمىيىۋى دورا ماتېرىياللىرى قوشۇلمىغاچقا، ئۇنىڭدا قىلچە زىيانلىق تەسىر يوق.

بۇ مەلھەم پاكىز ۋە مېۋە تەمى پۇرىقىدا خۇش ھىدلىق بولۇپ، ئېغىزدىكى زىيانلىق مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، سېسىق پۇراقنى ئېلىش، ئېغىزنى پاكىزلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، چىشنى ئاسراش، ساغلاملاشتۇرۇش ئۈنۈمىگە ئىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ناھايىتى باپ كېلىدۇ.

تيەنجىن شەھىرى جىننەن رايونى شياۋجەن بازىرى سىداۋگۇ مەسچىتى تيەنجىن مىللەتلەر كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى خىمىيە زاۋۇتى

天津市津南区小钻镇四道沟清真寺　天津市民族日用化学厂

پوچتانومۇرى: 邮编:300353　تېلېفون: 电话: 022—28619227


## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن: بەختىيار قادىر

(ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى)

مەكىت ناھىيىسىدىن: پاتەم ھاجى

ئاتۇش شەھىرىدىن: ئەلانۇر خانىم

ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇكېرىم مىجىت


ISSN 1007-5836

03>

9 771007 583001

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
1999-يىل 1-سان (ئومۇمىي 50-سان)

《中国穆斯林》(维吾尔文版)
1999年第一期(总50期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号:

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　公开发行

باھاسى: 3.80 يۈەن　定价: 3.80元